

يەھۇدىي دىنى،خىرىستىئان دىنى ۋە جاھىلىيەت
دەۋرىدە ئاياللارنىڭ ئورنى قانداق ئىدى؟

## ئىسلام مەدەنىيىتىدە

# سالىھە ئايال

ئوسمان نۇرى توپباش

ئەركام نەشرىياتى


بسم الله الرحمن الرحيم

كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى: Sâliha Hanım

يازغۇچى: ئوسمان نۇرى توپباش

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: نۇربىيە ئالىمجان

تەھرىرى: مەجىد غاپۇر

ISBN: 978-625-440-974-5

بەتچىك: ئىلخان باشتاش

ئىستانبۇل ـ 1446/2025

Language : Uighur

ئەركام نەشرىياتى  YÜZAKI YAYINCILIK  ئالاقىلىشىش ئادرېسى

- Address : Ikitelli Organize Sanayi Bölgesi Mahallesi
Atatürk Bulvarı Haseyad 1. Kısım No: 60/3-C
Başakşehir - İstanbul / TURKEY

Phone : +90 212 671 07 00 (Pbx)
Fax : +90 212 671 07 48
E-mail : info@islamicpublishing.org
Web site : www.islamicpublishing.org



يەھۇدىي دىنى، خىرىستىئان دىنى ۋە
جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللارنىڭ ئورنى قانداق ئىدى؟

## ئىسلام مەدەنىيىتىدە

# سالىھە ئايال

ئوسمان نۇرى توپباش

ئەركام نەشرىياتى

وَمَا تَوْفِيقِي إِلَّا بِاللَّهِ

## مۇقەددىمە

جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھتائالا ئەر-ئايالدىن ئىبارەت ئىككى جىنسنى ئەڭ شەرەپلىك مەخلۇق قىلىپ ياراتتى. دۇرۇت ۋە سالام ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن، ئۇ پەيغەمبەر ئەر-ئايالدىن تەركىب تاپقان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئەسرى سائادەت قۇرۇپ چىقتى.

ھۆرمەتلىك ئۇقۇرمەنلەر:

ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى جاھىلىيەت ئادىتى ئىنسانلار ئارىسىغا ۋەھشىلىكلەرنى چېچىۋاتىدۇ. دۇنيادا بىر تەرەپتىن ئېغىر زۇلۇملار قىلىنىۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىلىمسىز ئاياللار، بىگۇناھ نارىسىدە باللار پەرىشان بولۇۋاتىدۇ.

كۈنىمىزدە ”مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك“ دېگەندەك، بۇ ئاپەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلەر ئۆزىنى يۇشۇرۇپ، بارلىق خاتالىقنى قارشى تەرەپكە دۆڭگەپ قويۇۋاتىدۇ. ئىسلامغا قىلىنغان تۆھمەت ۋە قارىلاش ھەرىكەتلىرى پۈتۈنلەي مەقسەتلىك بۆھتان چاپلاشتىن

باشقا نەرسە ئەمەس. بولۇپمۇ ئاياللار ھەققىدىكى بۇ تۆھمەتلەردىن قۇتۇلۇش ۋە قۇتۇلدۇرۇش زۆرۈردۇر. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب بۇ مەجبۇرىيەتنىڭ مېۋىسىدۇر. بۇ ئەسەر مۆھتەرەم ئوسمان نۇرى توپباش ئۇستازىمىز تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، كىتاب ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ئىبرەتلىك ۋەقە ۋە ھەقىقەتلەر بىلەن تولغان. ئەسەردە ئاياللار توغرىسىدا باشقا دىنلار، جاھىلىيەت ۋە ئىسلام كۆز قارىشىدىكى ھەقىقەتلەر ئىنچىكە سېلىشتۇرۇلۇپ، دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان.

بۇرمىلانغان «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللار ئىنتايىن خار، يامانلىقنىڭ سىمۋولى، دۈشمەن، شەيتان، خورلانغان، ئېزىلگەن، كۆيدۈرۈلگەن، سۇدا غەرق قىلىنغان ياكى تىرىك كۆمۈلگەن شۇملۇق دەپ قارىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقەددەس كىتابلاردىكى ئۆزگەرتىلگەن ئايەتلەردە ئاياللار پۈتۈنلەي رەزىل بىر گۇناھكار دەپ قارالغان.

بۇ سەۋەپتىن دۇنيادا خىرىستىئانلىق، يەھۇدىيلىق، جاھىلىيەت ئادىتى ۋە مەدەنىيىتى تەسىرىدە قالغان جەمئىيەتلەردە ئاياللار ھەققىدە نۇرغۇن تۆھمەت، بۆھتان، جىنايەت، ئاپەتلەر بار، بەختىنى خورلۇق بازىرىدىن ئىزدەش بار. بۇلار بىر تەرەپتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە تەڭپۇڭسىزلىقلار ئىچىدە، يەنە بىرتەرەپتىن ئەسەبى سۆزلەر بىلەن ئىسلامنى ئەيىپلەپ ئۆز خاتالىقىنى يوشۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىل باتىل قاراشلار ئىچىدە دۇنيادا ئاياللار ھوقۇقىغا ئىگە چىقالمىدى (كۆنىمىزگىچە شۇنداق) ۋە چىقالمايدۇ. چۈنكى بۇرمىلانغان ئېتىقاد سىستېمىلىرىدا ئىسلاھات نامى بىلەن قىلىنغان ئىشلار تېخىمۇ يامان پالاكەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

بۇ ھەقتە پەقەت ھەق دىن بولغان ئىسلام مۇستەسنا (خالى)دۇر. ئىسلام دىنى ئاياللارغا ھەقىقەتەن يۇقىرى ئورۇن بەردى، ئاننىڭ قۇچىقىدىن تىرىك كۆمۈۋېتىش ئۈچۈن ئېلىنغان قىزنىڭ پەريادىغا يېتىشتى. ئاياللارنى ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىشتىن قۇتقۇزدى ۋە: ”جەننەتنىڭ ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا“ ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئانىلارنى ئۆمۈر بويى تەشەككۈرگە لايىق دەرىجىگە كۆتۈردى، جەمئىيەتنى خرۇستاللارنىڭ چېقىلىشىدىن ساقلىدى. ئانا ھەققىنى دادا ھەققىدىن ئۈستۈن قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم ئانا ھەققىنى ئېغىزغا ئالغاندىن كېيىن ئاندىن دادا ھەققىنى تىلغا ئالدى.

ئىسلامنىڭ بۇ گۈزەل تەربىيەسى ۋە ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىنغان ھەر دەۋر ۋە ھەر مىللەت ئاياللىرى مىسلىسىز پەزىلەتلىك مەدەنىيەتكە ئىگە بولدى. ئۇ ئاياللارنىڭ ئېسىل خىسلەت ۋە پەزىلەتلىرى جەمئىيەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى ئورۇنغا چىقارغان. خانىملار قۇرغان ۋەخپىلەر، قالدۇرغان ئەسەرلەر، ئوسمانلى جۇغراپىيەسىنىڭ كۆكلىگەن چىنارلىرىدۇر. بۇ چىنارلارنىڭ شاخچىلىرى مەرھەمەت، شەپقەت، سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئىپپەت، ئەخلاق ۋە ئەڭ مۇكەممەل پەزىلەتلىك ئانا بولغانلىقىدۇر.

ئەپسۇسلىنارلىقى، كۈنىمىزدە ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ جەۋھىرىدە ئەمەس، بەلكى يات مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەسى ئاستىدا يېتىشىپ چىققانلار بۇ ئىلغار مەدەنىيەت ۋە پەزىلەتلەردىن مەھرۇمدۇر.

ئۇلار ئىسلامنى ئەمەس، چەتئەل مەدەنىيىتىنى ئۆز ئەينى تەقلىد قىلغانلىقى ئۈچۈن غەربتىكى پۈتكۈل پاجىئەلەر ئەپسۇسلىنارلىق ھالدا مۇسۇلمان

مەملىكەتلەردىمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ. گۇناھ كىمدە؟ ئىسلامدىمۇ؟ ياكى چەتئەل مەدەنىيىتىدىمۇ؟

گۇناھ، ئاياللارنى ئائىلىقتا شەپقەت ئابىدىسى قىلغان ئىسلامدىمۇ ياكى بالىياتقۇدىكى ھامىلىنى قىرىپ ئۆلتۈرىدىغان جاللاتلار بىلەن جىنايەت سادىر قىلغان غەرب مەدەنىيىتىدىمۇ؟

گۇناھ، ئاياللارنى ئائىلىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان مۇھەببەت تۈۋرىكى قىلغان ئىسلامدىمۇ ياكى ئائىلىنى بۇزۇپ، ئايالنى ئېپپەتسىزلىك كوچىلىرىدا شەھۋەت مودىلىرى قىلغان غەرب مەدەنىيىتىدىمۇ؟

گۇناھ، ئاياللارنى ھىجاب ئۆلچىمى بىلەن خەزىنىگە ئايلاندۇرغان ئىسلامدىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ قىممىتىنى دۇكانلارنىڭ سىرتىغا تىزىپ قويۇلغان بويۇم، تاۋاردەك ئېچىپ، ھەر يەرگە يېيىپ ئېپپەت-نومۇسىنى يوق قىلغان غەرب مەدەنىيىتىدىمۇ؟

پۈتۈن بۇلارنىڭ توغرا جاۋابى قولىڭىزدىكى كىتابچىدا.

رەببىم مەنپەئەتلىك بولغىلى نېسىپ قىلسۇن! رەببىم قىزلىرىمىزنى كۆزىمىزنىڭ نۇرى بولغان سالىھە ئايال ۋە ئانىلاردىن قىلسۇن! ئۇلارنى ساپ نەسىللىك يىگىتلەر، جەڭگىۋارلار، سالىھ ۋە سالىھە پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرىدىغان جەننەت ئانىلىرى قىلسۇن!

ئامىن!

- م. ئەلى ئەشمەلى



**يەھۇدىيلار، خىرىستىئانلار ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدىكى**
**مۇشرىكلار ئاياللارغا قانداق قارايتتى؟**
**ئىسلام مەدەنىيىتى قانداق قارايدۇ؟**

# سالىھە ئايال

”سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار، ئائىلىسىگە ياخشى مۇئامىلە قىلغانلاردۇر. ئائىلىسىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشى مەن بولىمەن.“

(ئىبنى ماجە، نىكاھ، 50)



”ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.“
(بۇخارى، نىكاھ، 80)

### يەھۇدىيلار، خىرىستىئانلار ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مۇشرىكلار ئاياللارغا قانداق قارايتتى؟ ئىسلام مەدەنىيىتى قانداق قارايدۇ؟

# سالىھە ئايال

يەككە-يېگانىلىق يەنى ۋەھدانىيەت پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر.

جانابى ئاللاھ بۇ سەۋەپتىن بارلىق مەخلۇقاتنى جۇپتى بىلەن ياراتقان. ئىنسان، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلاردا بۇ خۇسۇسىيەتنى ئەر-ئايال، ئەركەك-چىشى جانسىز جىسىملارنىڭ خىمىيەلىك تەركىۋىدە مۇسبەت (+) مەنپى (-) شەكلىدە ئىپادىلىگەن. قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ئايەتلەر بار.

”سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق.“ (زارىيات سۈرىسى 94 ـ ئايەت)

”ئاللاھ پۈتۈن ئەيىپ ـ نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىققىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار)نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار.“ (ياسىن سۈرىسى 63 ـ ئايەت)

بارلىق مەخلۇقات بۇ جۈپلۈك خۇسۇسىيىتىدە بىر ـ بىرىگە موھتاجدۇر. چۈنكى بىرىدە بار بولغان خۇسۇسىيەت يەنە بىرىدە يوق ۋە ھەممىسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت جۈپ يارىتىلىشىنىڭ ھېكمىتىمۇ بۇنىڭدىن ئىبارەت.

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ”ئاياللار ئەرلەرنىڭ يېرىمىدۇر.“ (ئەبۇ داۋۇد، تاھارەت، 49؛ تىرمىزى، تاھارەت، 28)

ئىنسان ھەقىقىتىنىڭ بۇ ئىككى پارچىسى خۇددى مۇسبەت، مەنپى قۇتۇپلاردەك ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. جانابى ئاللاھ ئىماننى، سالىھ ئەمەللەرنى، گۈزەل ئەخلاقنى يەنى قۇللۇقنى ئەر ـ ئايال ھەممە بەندىلىرىدىن كۈتىدۇ. پەقەت ھەق، ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتلەر ھەققىدە ھەر ئىككى جىنسقا ئۇلارغا لايىق ۋەزىپىلەرنى بېرىدۇ. يارىتىلىشنى پەرقلىق قىلغىنىدەك ھەق ـ ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتىنىمۇ پەرقلىق قىلغان.

ئومۇمەن، ئەركەك كۈچلۈك، ئاياللار نازۇك بولغانلىقى ئۈچۈن تارىختىن بۇيان زۇلۇم ۋە جاھىلىيەت ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتلەردە ئاياللار ھەر ۋاقىت ئېزىلىپ كەلگەن.

كۆنىمىزدىمۇ ئاياللار ئۇچرىغان ناھەقچىلىكلەر، ئۇۋالچىلىقلار دىققەت تارتىدىغان بىر كۈن بار، ئۇ بولسىمۇ:

## 8-مارت دۇنيا ئاياللار بايرىمى

بۇنداق بىر بايرامنىڭ غەربتە پەيدا بولۇشى تاسادىپىيلىقمۇ؟ ئەمەس. ياۋرۇپانىڭ، ئومۇمەن غەربنىڭ ئۆتمۈشى ھەم بۈگۈنى ئاياللار مەسىلىسىگە باغلانغان بولۇپ پاجىئە ۋە ۋەھىمىلەر بىلەن تولغان. ئۆتمۈشتە خۇراپات ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن، بۈگۈن نەپسانىيەت ۋە رەھىمسىزلىكتىن مەيدانغا كەلگەن ئىفرات (زىيادە يۇقىرى كۆرۈش)، تەفرىت (زىيادە تۆۋەن كۆرۈش) ئاشقۇنلۇق، رادىكاللىق ئىچىدە ئاياللارغا بولغان كۆز قاراش قەتئىي نورمال بولمىدى.

ئالدى بىلەن ئۆتمۈشكە قارايلى:

### يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ كۆز قارىشىدا ئايال: شەيتاننىڭ ئويۇنچۇقى

غەربنىڭ ئىدىئولوگىيىسى بۇرمىلانغان «كونا ئەھدە» ۋە «يېڭى ئەھدە» (كىتاب ئىسمى) باشقا بىر ئىپادە بىلەن يەھۇدىيلىق ۋە خىرىستىئانلىقتۇر.

بۇلارنىڭ بۇرمىلانغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە ئاياللارنى پەس كۆرىشىدىنمۇ كۆرىۋالالايمىز.

ئايالنى شۇنچىلىك تۆۋەن كۆرىدۇكى، تالمۇد[1] (كىتاب ئىسمى)قا ئاساسەن بىر ئەركەك يەھۇدىي ئەتىگەن تۇرغىنىدا تۇنجى بولۇپ قىلىدىغان دۇئاسىدا:

1. تالمۇد "تەۋرات"نىڭ تەپسىرىدۇر.

”تەگرىنىڭ ئۆزىنى ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا مەنسۇپ قىلغانلىقى، ئايال قىلىپ ياراتمىغانلىقى، جاھىللاردىن، بۇتپەرەسلەردىن قىلمىغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشى كېرەك....“ (مەناھوت، 34 ب؛ئا.جوھەن، لې تالمۇد،تراد ژاكوۇس مارتىي، پارىژ، 1991، 112 ـ بەت)

نېمىشقا ئايال بولۇش مۇشرىك بولغانغا ئوخشاش يامان بىر بالا ـ قازا قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ؟

چۈنكى مۇھەررەف (ئۆزگەرتىلگەن) كىتابتا بارلىق ناچارلىقلار پۈتۈنلەي ئايال كىشىگە ئارتىلغان بولۇپ، ئايال: ”ھىلىگەر، بۆلگۈنچى، بۇزۇقچىلىق مەنبەسى، مۇتەكەببىر، شەھۋەتپەرەس، زىناخور، ئۇرۇشقاق، قايغۇلۇق، بۇتپەرەس ۋە باتىل دىنلارغا مايىل.“ (1. پادىشاھلار 21:18، 2.پادىشاھلار 37ـ9:30، سانلار، 16ـ31:15) دەپ كۆرۈلمەكتە ۋە كۆرسىتىلمەكتە.

بۇ يازمىلاردا: ”ئايال ئەقىلسىز، سۆخەنچى، ئەخمەق ۋە ھېچنىمە بىلمەيدۇ.‘‘ (سۇلەيماننىڭ مەسەللىرى، 9:113)

”ئايال كىشىنى ئۆلۈمدىن ئاچچىق بىلدىم. ئايال كىشىنىڭ يۈرىكى تۇزاق، قوللىرى زەنجىردۇر. ئاللاھنىڭ ئالدىدا ياخشى بولغان ئىنسان ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ، لېكىن گۇناھ قىلغان كىشى ئۇنىڭغا تۇتىلىدۇ.‘‘ (ۋائىز، 7:26) دېگەندەك كەمسىتىش خارەكتېرىدىكى ئىپادىلەر ئورۇن ئالماقتا.

بىردىنبىر چىقىش يولى بولغان ئايالللار تەربىيەسىمۇ چەكلىنىپ قالغان. يەھۇدىيلىقتا نۇرغۇن ئىبادەتلەرگە قاتنىشالمىغان ئايال ۋە قىزلارنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشى، بولۇپمۇ دىنىي ئىلىملارنى ئۆگىنىشى (دىنىنى بۇرمىلايدۇ) دەپ رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

بۇرمىلانغان خىرىستىئانلىقتىمۇ ئوخشاشلا بۇ كۆز-قاراش داۋاملاشقان. ئاياللار بىر مەۋجۇدات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەرلەردىن تۆۋەن كۆرۈلگەن. پائۇل ئايالنى ئىككىنجى تەبىقە سۈپىتىدە كۆرىدىغانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

"ئەرلەر تەڭرىنىڭ ئۇلۇغلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھالبۇكى، ئايال ئەر كىشىنىڭ ئۇلۇغلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى ئەر ئايالدىن ئەمەس، بەلكى ئايال ئەردىن يارىتىلدى. شۇنداقلا ئەر ئايال ئۈچۈن ئەمەس، ئايال ئەر ئۈچۈن يارىتىلدى." (1. كورىنتوسلۇلار، 11:3:9؛ 14:34:35؛ 1.تىمەتەئوس، 2:11:12)

خىرىستىئان دىن ئالىملىرىغا نىسبەتەن ئايال، ئەرنى يولدىن چىقارغان، قارشى جىنسنى گۇناھقا چاقىرىدىغان، مەينەت، يىراق تۇرۇش كېرەك بولغان بىر شەيتان ئويۇنچىقىدۇر. مانا بۇ شەكىلدە ئايال تۇغما مەينەت دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن روھبان (تەركى دۇنيا) تەبىقىسى بويتاقلىقنى ئەڭ غايىۋىي بىر ھايات ئۇسلۇبى دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

خىرىستىئانلىققا يول كۆرسىتىدىغان چىركاۋ پوپلىرىنىڭ مۇنداق سۆزلىرى بار:

تەرتۇلىئان (220-يىلى ۋاپات قىلغان) دەيدۇكى:

"ئى ئايال! سەن ھەر ۋاقىت مۇسىبەت ۋە قايغۇ ئىچىدە ياشىشىڭ، ئىنسان نەسلىنى بوزغانلىقىڭنى ئۇنتۇش ئۈچۈن كۆزلىرىڭ ياشقا تولىشى، قاراشلىرىڭ پۇشايمانلىقىڭنى كۆرسىتىشى كېرەك. ئى ئايال! سەن دەۋزەخ ئىشىكى. ئىنسان نەسلى تۆگەپ كەتسىمۇ توي قىلماسلىق يولىنى تاللىشى كېرەك."

ئەزىز (خىرىستىئان ئەۋلىياسى) جىئان ھىرىسوستوموس (407-يىلى ۋاپات بولغان) دەيدۇكى: "پۈتكۈل ۋەھشى ھايۋانلار ئىچىدە ئايالدىنمۇ بەكرەك زىيان يەتكۈزگۈچى تېپىلمايدۇ."

كرىيسوستومەمۇ ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئايال، ئىنسان ئېھتىياجلىق بولىدىغان يامانلىق، ئىنسان خالايدىغان بالا-قازا، ئۆيىنىڭ، ئائىلىنىڭ ئەڭ چوڭ خېيىم-خەتىرى، ئەخلاقسىز، ئەدەپسىز، مەھبۇبى جەلىپ قىلىپ ئالدىتىدىغان مۇسىبىتىدۇر."

خىرىستىئان ئەۋلىيا ئاگۇستىن ئاياللارنى بۇزۇقچىلىق بىلەن تولغان، قىزغانچۇق، قارارسىز، تۇتامسىز، پۈتۈن جېدەل-ماجىرا، ھەقسىزلىقلارنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ. ئەپىپلەنگەنلەر پۈتكۈل ئايال تائىپىسى ئىدى. بۇزۇلغان، پىتنە-پاسات تۇغدۇرۋاتقان ئاياللا ئەمەس، پۈتكۈل ئاياللار يەنى ھەزرىتى ھاۋۋا ئانىمىزدىن باشلاپ ئىنسانىيەتنى گۇناھقا پاتۇرۋاتقانمۇ يەنە شۇ ئايال! كاتولىك چىركاۋلاردا قىلىنغان توي مۇراسىمىدا ئوقۇلىدىغان دۇئادا: "گۇناھكار ھالەتتە ئانامنىڭ قورسىقىغا ئاپىرىدە بولغانمەن، گۇناھ قىلغان ئانام ماڭا ھامىلە بولغاندا" دېگەندەك سۆزلەرنى ھازىرغىچە تەكرارلايدۇ.

ئايال، توي قىلىش، ئائىلىگە بولغان كۆز-قاراش مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن خىرىستىئانلىقتا "ئائىلە" گۇناھ قىلىش مەركىزى، "توي قىلىش"نى قۇسۇر دەپ قارايدۇ. ئەر-ئايالنىڭ توي قىلماي، راھىپ بولۇشى ئالقىشلىنىدۇ. بۇلار ئىنسان تەبىئىتىگە زىت بولۇپ توي قىلىشقا رۇخسەت بەرسىمۇ زۆرۈر ئەھۋاللاردا ئاجرىشىشقا

رۇخسەت بەرمەيدۇ. ئىنسان تەبىئىتىگە زىت بولغان بۇ قاراشلار زىنا، ئەخلاقسىزلىق، بەچچىۋازلىق ۋە بۇزۇقچىلىقلارغا يول ئاچتى.

ئىشلار بۇلار بىلەنلا قالمىدى. ئوتتۇرا ئەسىر خىرىستىئان دۇنياسىدا ئايال ۋە توي قىلىش شۇنچىلىك مەسخىرە قىلىنىدىكى، مىلادىيە 585-يىلىدىكى ماكون كونسىلى (كېڭەش)دە ئايالنىڭ روھى بار-يوقلىقى مۇزاكىرە قىلىندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇ زامانلاردىكى ئايالّلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى تېخىمۇ ناچارلاشتى. 12-ئەسىردىن باشلاپ غەربتە سېھىر ۋە پال ئىشلىرى راۋاج تاپتى. كۆپلىگەن ئايالّلار جىنلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار دېگەن قاراش بىلەن ئوتقا تاشلاندى ياكى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇلدى. خىرىستىئانلىق بىر تەرەپتىن ئايالنى شۇنچىلىك پەس كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەزرىتى مەريەمنى ”تەڭرى ئانىسى“دەپ ئۇلۇغلايدۇ. پەرىشتىلەرنى ئايال سۈرىتىدە رەسىملەشتۈرىدۇ. زىيادە تۆۋەن كۆرۈش ۋە زىيادە ئۈستۈن كۆرۈشتىن ئىبارەت رادىكاللىق گىرەلىشىپ كەتكەن.

## كۈنىمىز جاھىلىيىتىدە ئايال تاۋار

ياۋروپادا رېنوسانىس (14-16-ئەسىرلەر ئارىسىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى) ۋە رېفورم (ئىسلاھات) باشلانغان يېڭى دەۋرلەردە بۇ مۇتەئەسسىپلىك ۋە خۇراپاتلىقلارغا يەنە ھەددىدىن ئاشقان بەزى قاراش ۋە پىكىرلەر قوشۇلدى. ئەر-ئايال باراۋەر دېگەن سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ يوللار، فابرىكىلار، ئىش ئورۇنلىرىغا ئايالّلارنى ئىتتەردى ۋە شەھۋەت مودىلى ھالىتىگە كەلتۈردى. ئۆتمۈشتە شەيتان ۋە گۇناھقا

باغلاپ ئىنسان ئورنىدا كۆرمىگەن بولسا، كۈنىمىزدە ”ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك كۈچى، سەرمايە ياكى بازاردا سېتىلىدىغان مال“ دەپ چۈشەنچە بەردى.

ئەر-ئايال پەرقىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىشلار ”جەلپ قىلىش ۋە قىلىنىش“ قانۇنىيىتىدىكى ئەرنىڭ ئايالغا بولغان مايىللىقى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىندى. ئاياللارغا گۈزەللىكىنى نامەيەندە قىلىپ، جەلىپكارلىق، تەننازلىقى ئارقىلىق قىممەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ھۆرىيەت (ئەركىنلىك) دەپ كۆرسەتتى. ئايالنىڭ ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى ئانا بولۇپ ئۆيدە پەرزەنت تەربىيلەش بولسىمۇ بىراق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەرلەر بىلەن رىقابەتكە كىرگەن ئايال كۈندىن-كۈنگە ئائىلىسىدىن يىراقلىشىپ، ئانىلىقتا دۈشمەن ھالەتكە كەلدى. چۈنكى شەخسىيەتچى يېتىشتۈرۈلگەن ئاياللار بالا تۇغۇشنى نەپسانى خۇشاللىقىغا زىت كۆرىدۇ ۋە بەدەن پىگورىسىنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەپ دەپ قارايدۇ، بۇ قاراش نەتىجىسىدە بالا ئالدۇرۇۋېتىش راۋاج تاپتى.

دىققەت تارتىدىغان زىتلىق شۇكى، كۆپىنچىسى باشقىلاردىن كۆپ گۆش ئىستىمال قىلىدىغان تويماسلار تۇرۇپ، ئىسلامنىڭ پېقىر-پۇقرالارنىڭ ئۆيىگە يىلدا بىر قېتىم بولسىمۇ گۆش كىرىشىگە ۋەسىلە بولىدىغان قۇربان ھېيتنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي تەنقىتلەۋاتقانلار سۈنئى بالا چۈشۈرۈۋېتىشتەك قاتىللىق ئالدىدا ئۈن چىقارمىدى، يۈرەكلىرى تىترەپمۇ قويمىدى. ۋىجدانى يۇقالغان بۇ ئىنسانلار ئارىسىدا بالا ئورنىغا جاھىلىيەتتىكىگە ئوخشاش ئەرمەك ئىتلارنى بېقىش ئەۋج ئالدى.

قەتادەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، جاھىلىيەتتىكى ئەرەپلەرنىڭ قىزلارنى تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈرۈشىنىڭ

بىر سەۋەبى: ”قىزلار ساق-سالامەت چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ ئەسىر قىلىنىپ ئىپپەت-نومۇسىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشى ۋە باشقا ئىشلاردىن قورقانلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكى“، بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنى كىچىكىدە ئۆلتۈرۈپ ئورنىغا ئىت باققانلىقى يېزىلغان. مەخلۇقاتقا شەپقەت كۆرستىش، ئۇلارنى تويغۇزۇش ئەلۋەتتە گۈزەل خىسلەتتۇر. لېكىن ئەرمەك ئىتلىرىنىڭ پەرزەنت ئورنىغا قويۇلۇپ پەرزەنت يېتىشتۈرمەستىن، ئىت بېقىش ئائىلە ۋە جەمئىيەتنى ئەندىشىگە سالىدىغان بىر ئەھۋالدۇر.

كۈنىمىز جاھىلىيىتىدە ئاياللارنىڭ ئاياللىقىنى يۈك كۆرىشى تەلەپ قىلىندى. تالاق قىلىنىش، ئاجرىشىش ۋە يالغۇز ياشاشقا قىزىقتۇرۇلدى. نىكاھ ئورنىغا ئاتالمىش مۇھەببەتكە بولغان ئالاقە كۆپەيدى ۋە توي قىلماقچى بولغانلار ئاتالمىش مۇھەببەتكە قىزىقتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئائىلە ھاياتىغا زەھەر سېلىندى ۋە نىكاھسىز تۇغۇلغان ياكى ئاتا-ئانىسى ئاجراشقان ئىگە-چاقىسىز باللار جەمئىيەتتە جىددى مەسىلە بولۇپ قالدى.

ئائىلە ھاياتى يوقالغانسىرى ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھايا، ئەدەپ، مۇھەببەت زېدىلەندى، جەمئىيەتنىڭ بىر تەرىپىدە بەچچىۋازلىق ئاشكارا بولدى. بۇ قىلمىش ھايۋانلاردىمۇ بولمىغان، لۇت قەۋمى بىلەن باشلاپ بۇ قەۋمنى يەرگە يۇتقۇزىۋەتكەن، ئىنسانلىق ۋە ئائىلە بىلەن ئۇيغۇنلىقى مۇمكىن بولمىغان بۇ پەسلىك جەلپ قىلارلىق كۆرۈلدى ۋە كۆرستىلىدىغان بىر ساھە تەييارلاندى.

غەربتە ئايال ھىيلە بىلەن تاشقى دۇنياغا چىقىرىلغاندىن كېيىن خور كۆرىلىشكە باشلىدى ۋە فېمىنىزم (ئاياللار ھوقوقى) دەۋاسى ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئۇلارغا پەرقلىق بىر شەكىلدە تەسەللى بەرگەندەك قىلىپ ئالداپ، فابرىكىدا ئوت ئاپىتىدە ئۆلگەن ئايال ئىشچىلارنى خاتىرلەش باھانىسىدە 8-مارت دۇنيا ئاياللار بايرىمى دەپ ئېلان قىلدى. ھازىرمۇ بۇ كۈن ئاياللار ھوقۇقىنىڭ خاتىرلىنىدىغان كۈنى بولۇپ ئېتىبار بېرىلىۋاتىدۇ. لېكىن سۆزلەنگەن، تىلغا ئېلىنغان، شىكايەت ۋە ھەل قىلىش دەپ ئىلگىرى سۈرۈلگەن قاراشلار قەلپىكە شىپا، دەرتكە داۋا بولۇشتىن، چارىسىنى تېپىشتىن خېلىلا يىراق، چۈنكى ئىنسان تەبىئىتىدىن، ئاياللارنىڭ يارىتىلىش غايىسىدىن يىراق. مانا غەربىنىڭ ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىگە ئائىت ئاياللار ھوقۇقى توغرىسىدىكى ئاچچىق ئۆتمۈشى ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر بىلەن تولغان. ئۆز ئەھۋالى مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق تېخى ئىسلامدىكى ئاياللار ھوقۇقىنى سوراققا تارتىدۇ.

### ئىسلام ئايال ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟

## ئىسلام نەزىرىدە سالىھە ئايال مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ ياخشىسى

ئىسلام ئۆتمۈشتىكى جاھىلىيەتنىڭ، ئەقىدىسى بوزۇلغان ئەھلى كىتابنىڭ ۋە كۈنىمىز جاھىلىيىتىنىڭ ئاياللارغا بەرگەن كەمسىتكۈچى، پەس رولىنى رەت قىلدى، ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ئايالنى يۇقىرى شەرەپ ۋە قىممەتكە ئىگە قىلدى.

قۇرئان كەرىمدە النساء (ئاياللار) دەپ بىر سۈرىنىڭ بولۇشى، ئۇ سۈرىدە ۋە باشقا سۈرىلەردە ئاياللنىڭ نىكاھ، مەھىر (تويلۇق)، مىراس، تالاق، نەپىقىگە ئوخشاش

مەدەنىي ھوقۇقلىرىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى، ئىسلامنىڭ بۇ ھەقتىكى مەيدانىنى كۆرستىشكە يېتىدۇ.

«مۇجادىلە سۈرىسى» دەپ ئاتالغان بىر سۈرىنىڭ ئايەتلىرىدە بىر ئايالنىڭ يولدىشىغا قارىتا شىكايىتىنىڭ ئاللاھتائالاغا يەتكەنلىكىنى بايان قىلغان ۋە دەردىگە داۋا نازىل قىلىنغان.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۆزى بويىچە:

"ئەسلىيەتتە بىز جاھىلىيەتتە ئاياللارغا قەتئىي ئېتىبار بەرمەيتتۇق. نىھايەت ئاللاھ ئىسلامنىڭ كېلىشى بىلەن ئاياللار ھەققىدە ئايەت نازىل قىلدى ۋە ئۇلارغا بەك كۆپ ھوقۇق بەردى."

ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئاتا-ئانىلار قىز پەرزەنت خالىمايتتى. ئايەتتە جاھىلىيەت ئىنسانلىرىنىڭ زالىم ۋە جاھىللىقى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

«ئۇلارنىڭ بىرىگە (ئاياللىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، غەزەپتىن چىرايى قارىداپ كېتىدۇ. يەتكۈزەلگەن خەۋەرنى يامان كۆرۈپ، ئۇ قىزنى نومۇسقا چىداپ ساقلاپ قېلىشىم كېرەكمۇ ياكى تۇپراققا تېرىك كۆمۈۋېتىشىم كېرەكمۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنىۋالىدۇ. قاراڭلار! ئۇلارنىڭ بۇ ھۆكمى نىمىدېگەن قەبىھ.» (نەھل سۈرىسى 58-59-ئايەت)

كۈنىمىزدە جۇڭگودا ئولتۇرا ئەسۋاپلىق ئۈسكۈنىلەردە (بىچاۋ) قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپلا ئاتا-ئانىسىنىڭ قارارى بىلەن 60 مىليون بوۋاق پەقەت قىز بولغانلىقى ئۈچۈن تۇغۇلماستىنلا قەتلى قىلىندى، ھىندىستاندا يېقىنقى يىللاردا 12 مىليون قىز بوۋاق ھامىلە چۈشۈرۈش ئوپىراتسىيەسى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

ھامىلە چۈشۈرۈش فېمىنىستلارنىڭ نەزىرىدە ئايالنىڭ ھوقۇقىدۇر.

مانا بۇ ئاياللار ھوقۇقى دەۋاسىدىكى 2 تەرەپنىڭ خارلىقى

ئىسلامنىڭ قىزلارغا بەرگەن قەدىر-قىممىتى شۇنچىلىك يۇقىرىكى: "قانداق بىر كىشى ئۈچ قىزى ياكى سىڭلىسىنى ھىمايە قىلىپ چوڭ قىلسا، گۈزەل تەربىيەلىسە، نىكاھلاندۇرسا ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە مەرھەمەتنى داۋاملاشتۇرسا ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ." (ئەبۇ داۋۇد، ئەدەب، 5147: 121-120؛ تىرمىزى، بىر 1912: 13)

"كىم ئىككى قىزنى بويىغا يەتكەن يېشىغا قەدەر تەربىيىلەپ چوڭ قىلسا قىيامەت كۈنى مەن ئۇ كىشى بىلەن يانمۇ يان بولىمەن." (مۇسلىم، بىرر، 149)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغۇللارنى ئەتىۋالاپ، قىزلارنى پەس كۆرۈش قارىشىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە قالغان بىر كۈنى ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھەزرىتى ھۈسەيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سۇ تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇنى ئاۋۋال ھەزرىتى ھەسەنگە بەردى، ھەزرىتى فاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ھەسەننى بەكراق ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ياق، باشتا ھەسەن سورىدى." دېدى (قاراڭ، ئەھمەد، 1-جىلد، 101) ۋە "ئىكرام-ئېھسانىڭلاردا بالىلىرىڭلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىڭلار. ئەگەر مەن بىرىنى ئۈستۈن قىلىشنى ئويلىغان بولسام ئەلۋەتتە

قىزلارنى ئۇستۇن قىلاتتىم.“ دېدى. (ھەيسەمى، 4ـ جىلد، 153؛ ئىبنى ھەجەر، ئەل مەتالىبۇل ئالىيە، 4ـ جىلد، 69)

ئاياللار جاھىلىيەتتە خور، پەس كۆرۈلۈپ، مىراس ھەققىدىن مەھرۇم ئىدى. يولدىشى ئۆلسە يولدىشىنىڭ ئىنىسىغا تاپشۇرىلىدىغان مال دەپ قارىلاتتى. قەبىلىلەر جەڭ قىلغاندا ئۇلارنىڭ قىز-ئاياللىرىنىڭ ئىپپىتىگە چېقىلىشنى ئىنتىقام يولى دەپ قارايتتى. ئاياللار زوراۋانلىق، تاجاۋۇز ۋە تۆھمەتلەرگە قالاتتى، مېلى، تويلىقى بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرايتتى. پاھىشۋازلىق ئومۇملاشقان ئىدى. ئىسمى نىكاھ بولغان نۇرغۇن ئۆرپ-ئادەتلەردە ناھەقچىلىقلارغا ئۇچرايتتى.

ھەر تۈرلۈك زوراۋانلىق ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرىدىغان ئىسلام كەلدى ۋە ئاياللارغا تېگىشلىك ھەققىنى بەردى. ئىسلام فىترەت دىنىدۇر، ياراتقىنىنى ياخشى بىلگەن ياراتقۇچى (سۇبھانەھۇ ۋە تەئەلا) بەلگىلىگەن قانۇن ۋە تەلىماتلاردۇر.

شۇڭلاشقا ئەر-ئايال ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بەندىچىلىك جەھەتتە ئوخشاش، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئايال، ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرگىز ئەيىبلىك ھېسابلانمايدۇ.

ئىسلامدا بىرسىگە بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئارتىپ قويىدىغان ”ئەسلى گۇناھ“ دەيدىغان ئىش يوق. ھەر ئىنسان ئاق قەغەزدەك پاك دۇنياغا كېلىدۇ.

ئۆيلىنىش ئىنساندىكى نەفسانىي ئارزۇنى ئاللاھنىڭ سۆزى بىلەن مەنىۋىيلەشتۈرىدۇ. بۇ مەنىۋىيەت بىلەن قۇرۇلغان ئائىلىدە ساغلام پەرزەنتلەر يېتىشىدۇ.

تەبلىغ ۋە ئىجتىمائىيەت تۇپەيلىدىن پەيغەمبەرلەر ئەرلەردۇر. لېكىن ھەر پەيغەمبەرنى سالىھە بىر ئانا دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان. پەقەتلا ئادەم ئاتىمىز ئانىسىز ۋە ئاتىسىز يارىتىلغان.

ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئىسمى قۇرئاندا 34 يەردە تىلغا ئېلىنغان، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپپەتلىك ئىكەنلىكى، ئىبادەتكە بولغان ئىشتىياقى ۋە ئاللاھ يولىغا ئۆزىنى ئاتىشى بىلەن مەدھىيەلەنگەن نەمۇنە بىر خانىمدۇر.

فىرئەۋىننىڭ ئايالى ئاسىيەمۇ ئىمانى، ئاللاھقا بولغان ئىلتىجاسى بىلەن قۇرئاندا مەدھىيەلەنگەن مۇبارەك خانىملاردىن بىرىسىدۇر.

بەزى ئايەتلەردە، ئاللاھ مەمنۇن بولغان بەندىلىرىنى تىلغا ئالغاندا سالىھە ئاياللارنىمۇ ئايرىم تىلغا ئالغان:

«مۇسۇلمان ئەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئاياللارغا، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئەر ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋىر قىلغۇچى ئەر ۋە سەۋىر قىلغۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەر ۋە نەپسىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كۆپ ساۋاپ تەييارلىدى.»

(ئەھزاپ سۈرىسى 35 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەرگە ئۈزلۈكسىز ياردەم قىلغان ھەزرىتى خەدىچەدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”دىنىڭلارنىڭ ئۈچتە بىرىنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىڭلار“ (دەيلەمى، 2-جىلد، 165:2828) دېگەن ھەزرىتى ئائىشە ساھابىلەر ئارىسىدىكى يەتتە مەشھۇر مۇجتەھىدنىڭ بىرسى. ئىبنى ئاббاس دەيدۇكى: «ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىلمىدىن پايدىلانمىغان مۇجتەھىد يوقتۇر.» دېگەن.

ئەھلى-بەيت ۋە ساداتى كىراملارنىڭ ئانىسى ھەزرىتى فاتىمە ئانىمىز، ئىسلامدا ئايالغا بېرىلگەن ئىززەت-ھۆرمەتنى ۋە قەتئىي تۈۋەن كۆرۈلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەر-ئايالنىڭ فىترىتىدىكى خۇسۇسىيەتلەر ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ۋەزىپە تەقسىماتى، ھەق ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ئايال نازۇك، ئاجىز ۋە ھېسسىياتچان يارىتىلغان بولۇپ، بەدەن جەھەتتە ئەرلەردەك كۈچلۈك جىسمانىي قۇرۇلمىسى يوق. لېكىن سۆيگۈ، ساداقەت، مەرھەمەت ۋە شەپقەتكە تولغان ھېسسىي قۇرۇلمىسى ئەرلەردىن كۈچلۈك. ئەر ئۇيقۇسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، لېكىن ئانا يىغلىغان بالىسى سەۋەبلىك ئۇيقۇسىز تاڭ ئاتقۇزالايدۇ. بالىسى سۇغا چۈشۈپ كەتسە، دادا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ، لېكىن ئانا بالىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىككىلەنمەستىن سۇغا سەكرەيدۇ.

ئائىلە ئايالى بولۇش ۋە ئانىلىق ۋەزىپىلىرى ئايالغا ھەقىقىي ماس بولغان سۈپەتلەردۇر. ئۇ (ئايال) ئائىلىنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ، ئەۋلادلارنى تۇغىدۇ، ئۇلارنى دۇئالىرى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ، تەقۋا ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن يېتىشتۈرىدۇ. ئەرلەر روھىي

ۋە جىسمانىي جەھەتتىن سىرتقى دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا قانچىلىك ماس يارىتىلغان بولسا، ئايالمۇ ئۆي ئىچىگە شۇنچىلىك ماس يارىتىلغان.

شۇڭا سالىھە ئايال ۋە سالىھە ئانىنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى شۇنچىلىك يۇقىرى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”ماڭا دۇنيادا 2 نەرسە سۆيدۈرۈلدى، سالىھە ئايال ۋە خۇشبۇي پۇراق، ناماز كۆزۈمنىڭ نۇرى قىلىندى.“ (نەسائىي، ئىشارەتۇن نىسا، 10)

ئايال ئۆزىگە چۈشلۇق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش جەھەتتە ھېسسىياتچان، نازۇك بولغاچقا، تاشقى دۇنيادىكى قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇرلانماسلىقى كېرەك. بۇ سەۋەپلىك ئايال كىچىك ۋاقتىدا دادىسىغا، دادىسى بولمىسا چوڭ دادىسى، تاغىسى، ئوغۇل قېرىندىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن يولدىشى، ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىگە ئامانەت قىلىنغان ۋە بۇ ئامانەت ئىنسابىقا تاشلاپ قويۇش ئەمەس.

«ئۇلار بىلەن چىقىشىپ، ياخشى ئۆتۈڭلار.» (نىسا سۈرىسى 19 ـ ئايەت)

«جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا.» (نەسائى، جىھاد، 6)

«ئەمرىڭلار ئاستىدىكى ئىنسانلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئىككى ئاجىز ئىنسان ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بۇلار تۇل ئايال ۋە يېتىم بالا، ناماز ھەققىدىمۇ ئاللاھتىن قورقۇڭلار!» (بەيھاقى، شۇئاب، 7 ـ جىلد، 477)

«سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار، ئائىلىسىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلغانلاردۇر.» (ئىبنى ماجە، نىكاھ، 50؛ دارىمى، نىكاھ، 55)

"ئاياللارنى ئۇرماڭلار، ئايالىنى ئۇرغان كىشىلەر سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ياخشىلاردىن ئەمەس." (ئەبۇ داۋۇد، نىكاھ، 42؛ ئىبنى ماجە، نىكاھ، 51)

«ئى ئىنسانلار ئاياللار ھەققىدە رىئايە قىلىڭلار! ئۇلارغا مېھىر-شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار. ئۇلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. سىلەر ئاياللارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى دەپ ئالدىڭلار. ئۇلارنىڭ ئىپپەت نومۇسلىرىنى ئاللاھ نامىغا سۆز بىرىپ تۇرۇپ ھالال قىلدىڭلار.» (مۇسلىم، ھەج، 147) پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى نەسىھەتلىرى ئاياللارنى ئەرلەر دۇنياسىنىڭ مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىگە، ئەخلاق ۋە ساداقىتىگە ئامانەت قىلدۇ ۋە ئاللاھنىڭمۇ ئامانىتى سۈپىتىدە سالىھە يېتىشتۈرۈلگەن ئانىلار ساپالىق پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. ئانا ئۆز ئالدىغا بىر مەكتەپ، بۇنداق سالىھە ئانىلار ئۆمۈر بويى تەشەككۈرگە لايىقتۇر.

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«ياخشىلىق قىلىشىمغا ئەڭ لايىق كىشى كىم؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

«ئاناڭ» دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ساھابە:

«ئاندىن كېيىن كىم؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاناڭ» دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ساھابە تەكرار:

«ئاندىن كېيىنچۇ؟» دەپ سورىغاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«داداڭ» دەپ جاۋاپ بەردى. (بۇخارى، ئەدەپ، 2)

ئىسلامىيەتتە ئايالغا ئۆي چىقىمىنى قامداش مەسئۇلىيتى يۈكلەنمىگىنىدەك، ئاياللارنىڭ مىراس، مۈلك ھوقۇقلىرى باقىدۇر (ئەبەدىيدۇر). نازۇكلىقىغا يارىشا بەزى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالىغىنىدەك، ئىگە بولغان مال-دۇنياسىنى ئىشلىتىشتىمۇ ھۆردۇر.

ئەلۋەتتە مۇسۇلمان ئايالنىڭ خىزمەت قىلىدىغان يېرى نامەھرەم ئەرلەر بىلەن ئارىلاش ئىشلەيدىغان، ئۇلار بىلەن يالغۇز قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان يەرلەر بولماسلىقى كېرەك.

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تىجارەتتە قازانغان ۋە تۇنجى مۇسۇلمانلارغا سەرپ قىلغان ماللىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالال جۈپتىلىرىدىن سەۋدە ۋە زەينەپ ئانىلىرىمىز تېرە ئىشلەش ئارقىلىق تاپقان پۇلىنى سەدىقە قىلغان.

ئوسمانلى دۆلىتىدە ئاياللارنىڭ مىڭلارچە ۋەخپىلىرى بار ئىدى. بۇ ۋەخپىلەر كۆپ ساھەلەردە پائالىيەت قىلاتتى. بۇ مىساللار مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كوچىلاردا خار-زار بولماستىن ئىجتىمائىي ھاياتتا قانچىلىك تەسىر كۈچىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

زۇبەيدە خاتۇن، گەۋھەر نەسىبە، مىھرىماھ سۇلتان، گۈلنۇش ئەمەتۇللاھ ۋالىدە سۇلتان، پەرتەۋنىيال ۋالىدە سۇلتان، بەزمى ئالەم ۋالىدە سۇلتانغا ئوخشاش ئاياللار ئىسلام كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا كەڭ كۆلەمدە خەير-ساخاۋەت قىلغان ئاياللاردىن بىر نەچچىسىدۇر.

ئوسمانلى دۆلىتىدە تىزىمغا ئېلىنغان1400 ۋەخپە ئاياللار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. بۈگۈن بىز ئۇ مۇبارەك ئانىلارنىڭ زىبۇ-زىنىنەت ۋە ئالتۇن-كۆمۈشلىرىنى كۆرمەيمىز. چۈنكى ئۇلار زىبۇ-زىنىنەتلىرىنى ئاخىرەتكە ئاتىۋەتكەن. ئۇلار سالغان مەسجىد، مەدرىسە، بۇلاق، ھاممام، كۈتۈپخانە، كارۋان-ساراي، ئۆتەڭلەر بىلەن مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئاخىرىتىنى زىنىنەتلىگەن.

مۇسۇلمان ئايالنى ئۆيىدە قەپەس ئىچىدىكى مەھبۇس قۇشتەك ھېچقانداق ئىجتىمائىي تەسىرى يوق دەپ ئويلاپ قالغانلار يۇقىرىدىكى مەلۇماتلارنى ئوقۇپ كاللىسىنى سىلكىسۇن.

ئىستانبۇلدا ياشىغان بەزمى ئالەم ۋالىدە سۇلتان شامدا بىر ۋەخپە قۇرغان بولۇپ، ۋەخپىنىڭ مەقسىتى ۋە شەرتى شۇ ئىككى ماددىدىن ئىبارەت:

"شامنىڭ تاتلىق سۇلىرىنى ھاجىلارغا يەتكۈزۈش.

خىزمەتكارلار سۇندۇرىۋەتكەن ياكى زىيانغا ئۇچراتقان ئەشيالارنى ئۇلار خوجايىنىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمىسۇن ۋە رەنجىتىلمىسۇن دېگەن مەقسەتتە تۆلەپ بېرىش."

بۇ خىل ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ياردەم تۈرلىرى پەقەت ئايالللارغىلا مەخسۇس ئەمەس.

مەھپەيكەر كۆسەم ۋالىدە سۇلتان، قاتتىق قوللۇقى بىلەن تونۇلغان بۇ خانىمنىڭ كۆپلىگەن جامى ۋە مەدرىسلىرى بىلەن بىرلىكتە يېتىم ۋە يوقسۇل قىزلارنى ئۆيلەندۈرۈش ئۈچۈن قۇرغان ۋەخپىسى مەشھۇردۇر.

خەدىچە تۇرھان سۇلتانىنىڭ ۋەخپە تۈزۈمىدىكى بىر ماددىسى ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نادىردۇر.

بۇ ماددا، رامىزان ۋە بارائەت كېچىلىرى يېڭى جامىنىڭ بەزى بۆلەكلىرىدىن ھەسەل شەربىتى ئېقىتىش ۋە نامازدىن چىققان جامائەتكە تارقىتىش بولۇپ، قوللىنىلغان ھەسەلنىڭ سۈپىتىمۇ ۋەخپىدىن ئالاھىدە تەكشۈرۈلگەن. ۋەخپە تۈزىمىدە ھەسەل ھەر قانچە قىممەت بولسىمۇ رىزە (يەر نامى) بازار رايونىدا ئىشلەپچىقىرىلغان سۈپەتلىك ھەسەلنى ئىشلىتىش شەرتى قويۇلغان.

ئەدىرنە كاپى ۋە ئۈسكۈدار (يەر نامى)دا بىر قانچە "سۇلتان جامىسى" سالدۇرغان سۇلتان قىزى مىھرىماھ خانىم خەيرخاھلىقى بىلەن بىرگە شۇنچىلىك كىچىك پېئىل ۋە كەمتەر ئىدى. خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ خانىمى زۇبەيدە خانىم ئەراپاتتىكى ھاجىلارغا سۇ يەتكۈزىدىغان سۇ ئەسلىھەلىرىنىڭ رېمونت قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئاڭلىغىنىدا شەخسىي زىبۇ-زىننەتلىرىنى بۇ ئىشقا ئاتىغان ۋە بۇ ياخشىلىقىنىڭ پۈتۈنلەي مەخپى قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغان.

بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ئىسلامدا سالىھە ئايالنىڭ ئائىلە ۋە پەرزەنت مەسىلىسىدە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەش بىلەن بىرگە ئۆز ئارزۇسى بويىچە خەير-ساخاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى قىلىشتىن چەكلەنمىگەنلىكىگە ئىسپات بولالايدۇ.

ئىسلام ئايالنى خالىمىغان ھالەتتە دۇنيا ئىشلىرىغا مەجبۇرلىمايدۇ.

فىترەت ۋە ۋەزىپە پەرقلىق بولغاچقا ئەر-ئايالغا بېرىلگەن ھەق ۋە مەسئۇلىيەتنىڭمۇ پەرقلىق بولىشى ھەقىقى ئادالەتتۇر.

بۇنىڭ زىددى بولسا فىترەتنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئايالنى ئەرلەر بىلەن (ھەق ۋە مەسئۇلىيەتتە) باراۋەر كۆرۈش ئادالەتسىزلىك ۋە مەرھەمەتسىزلىكتۇر.

غەرب جەمئىيىتىدە مەكتەپ ۋە ئىش ئورۇنلىرىدا ئاياللارنىڭ خورلانغانلىقى، ئوخشاش ئىشنى ئەرلەردىن ئاز مائاشقا قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقى ئاخپاراتلاردا ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى ئايالنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئۆزىگە خاس رولى بولۇپ، ئايالنى "باراۋەرلىك، رىقابەت، كەسىپ، ئەركىنلىك" شوئارلىرى بىلەن تاشقى دۇنياغا چىقىرىشقا قىززىقتۇرغان كۆز قاراشلار ئائىلە ئاساسىنى ئاجىزلاشتۇردى. ھەتتا غەرب دۇنياسىدا ئائىلە يوق بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالدى. ئائىلە خارابلىشىش ئالدىدا، ئانىلىق ئورنىنى يوقاتقان، رەھىمسىز ئەرلەرنىڭ ماددى-مەنىۋى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغان ئايالغا "ئىگە-چاقىسىزلىق"نى "ئەركىنلىك" نامى بىلەن بەخش قىلىش غەرب دۇنياسىغا ماس كەلگەن زىتلىق.

ئايالنى ئائىلىدىكى شەرەپلىك ئورنىغا (ئانىلىقىغا) قايتۇرمىغىچە تاشقى دۇنياغا چىقىرىش ۋە سۇيىئىستىمال پاتقاقلىرىدىن قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ. بۇ پاتقاقنى قۇرۇتماي تۇرۇپ، پاشا-چىۋىن كۆرىشى قىلغىنىمىز بىكار. ئايالغا تاجاۋۇز قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ياۋروپاچە تەدبىرلەرنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمايۋاتىدۇ. ئەڭ يامان نەتىجە ئائىلە ئاساسىنى تېخىمۇ بوزۇش بولۇپ، بۇ تەدبىرلەر توي قىلىشتىن سوغۇش، ئاجرىشىش ۋە ئايرىلىپ تۇرۇشقا ئوخشاش ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

ئەسلى قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىر، ئەر-ئايالنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيەسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەتتىكى زۇلۇملارنى قانداق يوقاتقان بولسا، ھازىرقى جاھىلىيەتنىمۇ شۇ شەكىلدە يوقاتقىلى بولىدۇ يەنى قۇرئان ئەخلاقى بىلەن.....

بىز پەيغەمبەر نۇرىدىن يىراقلاشقانسىرى جاھىلىيەت قاراڭغۇلۇقىغا چۆكۈپ كېتىۋاتىمىز. ئالىملارگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن يىراقلاشقانسىرى زوراۋانلىق ۋە مۇتەھەملىك ئەۋجى ئېلىشقا باشلىدى. بىز ئىسلامدىكى ئىسىل خىسلەتلەرگە ۋەكىللىك قىلغىنىمىزدا ئايالالار خانىملىق مەۋقەسى (ئورنى)دا ئىدى، ئەرلەرنىڭ ئايالالارغا بولغان مۇئامىلىسىمۇ ياخشى، مېھرىبان ئىدى. ئەرلەر ئائىلە ھاياتىدا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئۆزىگە تەسەللى تېپىش ئۈچۈن بارىدىغان دەرگاھلار بار ئىدى. ئايالالار قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا پاناھلىنىدىغان شەپقەت قاناتلىرى بار ئىدى. ئائىلە ۋە تۇققانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى كۈچلۈك، ئۆزىنى يوقاتقانلارنى ئۆزىگە قايتۇرىدىغان، يولىنى تاپالماي قالغانلارنى يېتەكلەيدىغانلار بار ئىدى. الأمر بالمعروف والنهي عن المنكر (ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش) جەمئىيەتتە ئاساسىي ئېقىم بولغان ئىدى.

شەخسىيەتچىلىك ئەمەس، باشقىلارنى ئويلاش ئاساس ئىدى. زوراۋانلىق ئەمەس مېھرىبانلىق، ئالدىراقسانلىق ئەمەس سەبىر، ئىسيان ئەمەس دۇئا، بوزۇش ئەمەس گۈللەندۈرۈش مەۋجۇد ئىدى. نىكاھ ئاسان، زىناغا يول يوق ئىدى. سەۋەپسىز ئاجرىشىشنىڭ

ئەرشنى تىترىتىدىغانلىقىدىن قورقاتتى. ھېچ بولمىغاندا ئاندىن ئىلتىماس قىلىناتتى.

يېقىنقى يىللاردا پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا غەربلىشىش، ياۋروپانى تەقلىد قىلىش، دىنىي ھەقىقەتلەردىن يىراقلىشىش، دىنىنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىگە شەكىل جەھەتتىن باغلىنىسمۇ بىراق مەنىۋىيەت ۋە روھىيەتتىن بىخەۋەر ھالدا يېتىشىپ چىقىش كېسەللىكلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا مۇھەببىتى، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ھۆرمىتى ئازايدى.

تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت ۋە مودىلار ئۆيلەرگە كىرىپ مۇھەممەد ئۈممىتىنى ئۆزگەرتتى، باشقىچە قىلىپ قويىدى، سەلبى تەرەپتە تەربىيىلىدى. تېخنىكا ۋە ماشىنىلىشىش ئىنسانىنى ۋەھشىلەشتۈردى، ئىنسان روھىنى بۇزدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە غەربتە بولۇۋاتقان ئەھۋاللار مۇسۇلمان جەمئىيەتلەردىمۇ پەيدا بولدى، ئايالنى مەسخىرە قىلىدىغان، نەپرەت بىلەن قارايدىغان جاھىلىيەت ئادەتلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى.

كۈنىمىزدە ئاياللارغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان ئىنسانلار ئىسلام تەربىيەسى، پەيغەمبەر ئەخلاقى بىلەن يېتىشكەن ئىنسانلار ئەمەس. بەلكى تېلېۋىزوردىكى سەلبى پروگراممىلار، ئەخلاقسىز تېلېۋىزىيە-تىياتىرلىرى، كىنولار، نامەھرەملەر، يېرىم-يالىڭاچ ئاياللار ۋە ئائىلىنى مۇھىم بىلىدىغان قىممەت قاراشلارنى خۇنۇكلەشتۈرۈش بىلەن مېڭىسى يۇيۇلغان ماڭقۇرت كىشىلەردۇر.

بىر قىسىم پۇرسەتپەرەسلەر ياۋرۇپا مەسىلىسىنى بىزگە باشقا تەرەپتىن ئىجرا قىلماقچى بولۇپ، داۋالاشنى كېسەللىك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتى. دەرماننى

دەرت قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى، ئاياللارنى تۆۋەن كۆرىدۇ دەپ ئىسلامغا تۆھمەت چاپلىدى.

ھەقىقەت شۇكى:

"ئۇلار ئۆتمۈشتە ئاياللارنى قىممەتسىز ھەتتا مەلئۇن كۆرگەن...

ھازىرقى زاماندىمۇ ئاياللارغا بولغان مۇئامىلە شەھۋەت مودىلى..

ئىسلامدا سالىھە ئايالغا بەرگەن قىممەت بولسا، قىممەتلىك خرۇستال ئىستاكان مىسالى..."

## خرۇستاللار سۇنمىسۇن

تۆگە بىلەن سەپەر قىلىنىدىغان دەۋرلەردە، تۆگىلەرنى چۆل رىتىمى بىلەن ماگدۇراتتى. مۇشۇنداق سەپەرلەرنىڭ بىرىدە ئەنجەشە ئىسىملىك بىر خىزمەتكار قەسىدە ئوقۇغاچ تۆگىلەرنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. لېكىن بۇ سۈرئەت تۆگىلەر ئۈستىدە ئولتۇرغان ئاياللارغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئەنجەشە! دىققەت قىل، خرۇستاللار سۇنمىسۇن!» دېدى. (بۇخارى، ئەدەپ، ئەھمەد، 117)

ئاياللارنى سۇنۇپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىنىدىغان قىممەتلىك، نازۇك، خرۇستال پىيالە كەبى سۈپەتلىدى.

بۇ پەيغەمبەرنىڭ نازاكەت ۋە ئەدەپ-ئەخلاقىدۇر.

ئەرلەر تۆمۈردەك قاتتىق ۋە چىدامچان بولىشى مۇمكىن، لېكىن ئاياللار ئەينەك خۇسۇسىيىتىدە.

پەيغەمبەر ئەرلەرگە ماس كېلىدىغان سەپەر شەرتلىرىگە ئاياللارنى مەجبۇرلاشنىڭ توغرا

بولمايدىغانلىقىنى ئويلايدىغان دەرىجىدە شۇنچىلىك مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك.

لېكىن ھازىر....؟

ئەينەككە تۆمۈرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىش باراۋەرلىك بولامدۇ؟

جانابى ئاللاھ مەۋجۇداتلار ئارىسىدا بېكىتكەن تەكۈپۈكلۈق ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىگە موھتاج ئىكەنلىكى بولۇپ، ئەر-ئايال بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى جىسىمدۇر. ئىنسان نەسلىنىڭ داۋامى شۇنداقلا ھاياتنىڭ داۋامى ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بۇ بىرلىك، باراۋەرلىككە يەنى تەقۋا بىلەن زىننەتلەنگەن ئائىلە ئاساسىغا موھتاج.

ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىن ئەڭ يۇقىرى تەبىقىگىچە ھەر ئەر-ئايال بەختلىك ئائىلىگە موھتاج. ئاللاھتائالا ئەرلەرنى ئاياللار ئۈچۈن، ئاياللارنىمۇ ئەرلەر ئۈچۈن ھۇزۇر ۋە راھەت مەنبەسى قىلىپ ياراتتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ داۋامى ۋە بەخت-سائادىتى بۇنىڭغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ۋەزىپە ۋە سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئايال ئەر بولالمايدۇ ۋە بۇنىڭغا زورلاشمۇ فىترەتكە قارشى چىققانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئەرگە بېرىلگەن خۇسۇسىيەت ئايرىم، ئايالغا بېرىلگەن خۇسۇسىيەت ئايرىم. ئىككىسىنى ئوخشاش بولۇشقا مەجبۇرلىغان ۋاقىتتا تەكۈپۈكلۈق بۇزۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىڭلار پادىچى ۋە ھەممىڭلار پادىلىرىڭلاردىن سورىلىسىلەر. ئەر ئائىلىسىنىڭ پادىچىسى، پادىلىرىدىن سورىلىدۇ. ئايال

يولدىشىنىڭ، ئۆيىنىڭ پادىچىسىدۇر، ئۆز پادىلىرىدىن سورىلىدۇ.» (بۇخارى، ۋەسەيا،9؛ مۇسلىم، ئىمارە، 20)

مەسئۇلىيەت ئايرىم ۋە ساھەلەر ئايرىم.

ياۋروپا ئايالنىڭ نەپسانىيىتىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ، ئىمكانسىزلىقلارغا مەجبۇرلاپ ئىنسانلىق تەرتىپىنى بۇزدى. ھازىر ياۋرۇپا نوپۇسى ئىزچىل ئازىيىۋاتىدۇ ۋە ئائىلە يۇقۇلىۋاتىدۇ.

ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا؛

ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ قوپال دۇنياسىدا ئوخشاش شەرتلەردە رىقابەتكە سېلىپ، جىنسىنى قىيناشنى ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى بېرىش دېگىلى بولامدۇ؟

خرۇستىاللارنى چېقىپ كوچىلارنى ئەينەك پارچىلىرى بىلەن تولدۇرغان جەمئىيەتنى ئايالغا ھۆرمەت قىلغان جەمئىيەت دېگىلى بولامدۇ؟

ئايال كىشىنى ئانا بولغىلى قويماي، كۈندە 8 سائەتلىك خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلاپ، جەلبكارلىقىنى خىزمىتىدە ئىشلىتىدىغان خىزمەتچى، كارخانىچى قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى كەسپتە مۇۋاپىقىيەت قازانغانلىق دېگىلى بولامدۇ؟

ئايالنى بىر تەرەپتىن ئائىلە، بالا-چاقا، ئاتا-ئانا، يەنە بىر تەرەپتىن يۇقىرى مەلۇمات، كەسپ ۋە خىزمەت ئوتتۇرىسىدا ئالدىراش ئۆتتۈشكە زورلاشنى ئايالغا بولغان ئالاھىدە ئىمتىياز دېيىشكە بولامدۇ؟

"سەن يولدۇشۇڭ ۋە باللىرىڭنىڭ خىزمەتچىسى ئەمەس، بېرىپ ناتونۇش ئىنسانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ پۇل تاپ، ھېچكىمگە موھتاج بولما!" دېيىشنى

ئائىلە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى دەپ كۆرسىتىش توغرىمۇ؟

ئايالنى نەپسىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسىگە قۇل بولۇشقا، بالىلارنى يېتىملىك ئاسارىتىگە، ئايال روھىنى قولدىن-قولغا ئۆتىدىغان بىر مال سۈپىتىدە خارلىققا ئىتتىرگەنلىكىنى پەرق قىلالامدۇ؟

ياق!

چارە بولسا تۆمۈرگە تۆمۈر، ئەينەككە ئەينەك مۇئامىلىسى قىلىش. ھەر نەرسىنى يارىتىلىشىغا ئۇيغۇن، ۋەزىپىسىگە لايىق يەردە ئىشقا تەيىنلەشتۇر.

چارە بولسا ئەرلەرگە مەرھەمەتلىك، ئادالەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇشنى ئۆگىتىشتە. مەجبۇرلاش تەدبىرى بىلەن ئەمەس، قەلبلەرنى ئەبەدىي ساۋابنى خالايدىغان، ئاخىرەتنى ئويلايدىغان قىلىپ تەربىيەلەشتە.

ئاياللارنى يارىتىلىش تەبىئىتىگە ئۇيغۇن ھالدا ئائىلە ۋە ئەۋلات سۇلتانى قىلىپ، ئىپپەتلىك، شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك، زىرىپ ۋە سەبىرچان قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە.

تەقۋادار جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا...

قۇرئان بۇنىڭ چارىسىنى بىزگە بىلدۈرىدۇ: «ئۇلار ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلا ۋە تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن! دەيدۇ.» (فۇرقان سۈرىسى 70-ئايەت)

كۆز نۇرى ئاياللار، كۆز نۇرى ئەۋلاتلار، ئائىلە رەئىسلىكىنى تەقۋالىق بىلەن ئىجرا قىلغان تەقۋادارلىقتا پېشۋا بولغان ئەرلەر.

نەتىجە: تەقۋادار جەمئىيەت

تەقۋالىق باشقىلارغا ئازار بېرىشتىن قورقۇش، دىققەت قىلىشتۇر. مۇنداق جەمئىيەت ئايالنى ئازارلاش، ھەققىنى يېيىش، قىيناشتىن ئېھتىيات قىلغان جەمئىيەتتۇر. (ئىپپەتتە) ئەينەكتەك سۈزۈك ۋە (مەرھەمەت ۋە ھېسسىياتتا) ئەينەكتەك خانىملارنى ھەرخىل ئازارلاش، داغ تەككۈزۈش ۋە قوپال مۇئامىلىدىن قوغدايدىغان جەمئىيەتتۇر.

قىز پەرزەنتلىرىنى ھەزرىتى مەريەم، ھەزرىتى خەدىچە ۋە ھەزرىتى فاتىمە ئانىلىرىمىزدەك تەربىيىلىگەنلەر نېمىدېگەن بەختلىك!

ئوغۇل پەرزەنتلىرىنى ئانىلىرىغا "ئۇف"مۇ دېمەيدىغان، ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ئۇلارنى تەبەسسۇمى بىلەن تەھەججۇدقا ئويغىتىدىغان، قىزلىرىنى سالىھە ئاياللار ئۆلچىمىدە يېتىشتۈرەلىگەنلەر نېمىدېگەن بەختلىك!




# ئانا ئۆز ئالدىغا بىر مەكتەپتۇر

«جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا.»

(نەسائىي، جىھاد، 6؛ ئەھمەد، 3-جىلد، 429)



# ئانا ئۆز ئالدىغا بىر مەكتەپتۇر

«رەببىم مېنى ۋە ئاتا-ئانامنى مەغپىرەت قىل!»
(نۇھ سۈرىسى 28-ئايەت)

تەربىيە ئائىلىدىن باشلىنىدۇ، ئىنساننىڭ تۇنجى تەربىيەچىسى ئانىسى. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا كۆچلۈك ئائىلە قۇرۇلمىسى بار ئىدى. بۇ قۇرۇلما ئىچىدە كەلگۈسىنىڭ ئانىلىرى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە تەربىيەلىنەتتى. زاماننىڭ تەرەققىياتى بىلەن بۇ قۇرۇلما بۇزۇلدى. ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان بىئولوگىيەلىك ئالاقىسى بىر نەرسە ئىپادىلىمەس بولدى. بۇ سەۋەپلىك كەلگۈسىنىڭ ئانىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى مۇئەسسەسەلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئېھتىياجىمىز بار.

كۈنىمىزدە قىز قۇرئان كۇرسلىرى، مەدرەسەلەر بۇ ئېھتىياجقا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىشى

كېرەك. كەلگۈسىدىكى ئەۋلاتلارنى يېتىشتۈرىدىغان ئانىلارنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس ساھەسىدە تەييارلىنىشى بۇ مەدرىسىلەردىكى ئۇستازلارغا بولغان بىر ئامانەتتۇر. دىنىي ياشاش، دىنىنىڭ زاھىرى (تاشقى كۆرۈنۈشى) ۋە باتىنىنى (ئىچكى قىسمىنى) ئۆگىنىش ۋە تەقۋا ھاياتقا قەدەم ئېلىش ئۈچۈن مەدرىسەلەرگە سەل قارىماسلىق لازىم.

كەلگۈسىنىڭ ئانىلىرى شەخسىيەت تەربىيەلەشتە قۇرئان بىلەن ئۆزىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشى كېرەك. چۈنكى ئانا بولۇش بەك مۇھىم. ئاللاھ ئانىلارغا خاس قىممەت ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بەرگەن. پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈشتىكى تۇنجى ۋەزىپە ئانىنىڭ قولىدا. ۋەزىپىسىنى لايىقىدا ئورۇنداشقا ياردەم قىلىدىغان پەزىلەت بىلەن بېزەلگەن ئانىلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا.»

بۇيەردە ئانىلارغا خاس بولغان قىممەت تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ قىممەت جەمئىيەتتىكى ئەڭ مۇھىم تەربىيەچى بولۇش سۈپىتىنىڭ ئانىلاردا ئىكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر.

بىزنى باشتا بىر مەزگىل قورسىقىدا، كېيىن قوللىرىدا كۆتىرىدىغان ۋە ۋاپات بولغۇچە يۈرىكىدە ساقلايدىغان ئانىلىرىمىزغا بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتكە ئورتاق بولىدىغان ھېچ بىر مەخلۇقات ۋە مەۋجۇدات يارىتىلمىدى.

ئائىلە قۇرۇلمىسى ۋە پەرزەنت تەربىيەسىنى زىممىسىگە ئالغان ئانىلار ھەقىقەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت، ھۆرمەت ۋە ئۆمۈر بويى تەشەككۈرگە لايىقتۇر.

ئەڭ بۈيۈك شەخسىيەت، ئەڭ بۈيۈك ئىنسان ئالەملەرگە رەھمەت بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ خىسلەتلەر بىلەن بېزەلگەن ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزغا ھەيران ئىدى. ئېيپەت، ھايا ۋە ۋاپا ئابىدىسى ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز بۇ ساھەدە يېتىشكەن ئانىلارغا گۈزەل ئۈلگىدۇر.

بۇنداق ئانىلار؛

"الأم مدرسة" "ھەقىقى سالىھە ئانا، ئەڭ ياخشى مۇئەللىم" دەپ ئاتالغان. بۇ تەرەپتىن قارايدىغان بولساق ئانىلار "جەمئىيەتنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان" ئىنسانلار بولۇپ ئالدىمىزغا چىقىدۇ.

ئانىلارنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى قايسى يۆنىلىشتە بولۇشى كېرەك؟

دىمەككى ئانىلارنى قانداق يېتىشتۈرسەك ئۇلارمۇ كەلگۈسى جەمئىيەتنى شۇ ئاساسلارغا تايىنىپ بەرپا قىلىدۇ، دېگەن گەپ.

ئاللاھ بىزدىن تەقۋادار بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئانىلارنى بۇ مەقسەتكە خىزمەت قىلالايدىغان لاياقەت، ئۆلچەم ۋە مەنىۋىيەتتە يېتىشتۈرىشىمىز كېرەك.

ئانىلار باللىرىمىزنىڭ تۇنجى تەربىيەچىسى، باللىرىمىز ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن ئامانىتى.

ئۇلارنى جەمئىيەتكە پايدىلىق، ساپالىق شەخس سۈپىتىدە يېتىشتۈرۈش ھەممىمىزنىڭ ۋەزىپىسى. بۇلار بولسا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قۇرئان ۋە سۈننەت بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق ئەمىلىيەتكە ئاشىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىمىز. ئاۋۋال تۇنجى ۋە ئەڭ مۇھىم تەربىيەچىنىڭ يەنى ئانىلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا تەربىيلىنىشى ئۈچۈن سەپەرۋەر بولىشىمىز كېرەك. كۆز

نۇرى بولغان تەقۋالىق بىلەن زىننەتلەنگەن جەمئىيەت ئۈچۈن غەيرەت قىلىمىز. ئىنشائاللاھ بۇ غەيرىتىمىز، پەيغەمبەرگە بولغان يېقىنلىقىمىز ۋە مۇھەببىتىمىزنىڭ بىر نامايەندىسى بولغۇسى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال ساھابىلەرنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرەتتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم-تەربىيەسى، تەزكىيەسى ۋە سۆھبىتى بىلەن جاھىلىيەت ئىنسانلىرىنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن ئىسلام نۇرىغا چىقاردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە، سۇپىدا، سەپەردە ۋە ھەر يەردە ساھابىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە ئىدى. بۇ ھەقتە باشتا ئائىلە-تاۋاباتى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن باشلاپ باشقا ئايال ساھابىلەرنىمۇ يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيەلەشكە سەل قارىمىدى.

ئاللاھ رەسۇلى ئۈچۈن پەرۋانە بولغان ساھابىلەرگە ئوخشاش، ئايال ساھابىلەرمۇ قۇرئان ۋە سۈننەت ئۆگىنىش، پەيغەمبەرنىڭ مەنىۋىيىتىدىن نېسىۋە ئېلىش ئۈچۈن تىرىشتى، بۇ ئىشتىياقى بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ: "ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! سېنىڭ سۆزلىرىڭدىن داۋاملىق ئەرلەر پايدىلىنىدۇ، بىزگىمۇ بىر كۈن ئايرىساڭ، بىزمۇ يىغىلىپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئۆگەنسەك" دېدى.

ئاللاھ رەسۇلى: "ئۇنداقتا مۇنداق كۈندە، مۇنداق يەردە يىغىلىڭلار" دەپ، ھەپتىنىڭ بىر كۈنىنى مەخسۇس ئايال ساھابىلارغا سۆھبەت قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئايرىدى. (بۇخارى، ئىتسام، 9؛ مۇسلىم، بىرر، 152)

"رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان ئايەتلىرى نازىل بولغاندا ئاۋۋال ئەر ساھابىلارغا كېيىن

ئايال ساھابىلارغا ئۇقۇپ بەرگەن." (ئىبنى ئىسھاق، 128-بەت)

"رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئائىشە ۋە باشقا ھالال جۈپتىلىرىگە ئايال ساھابىلارغا دىن ئۆگىتىشى ئۈچۈن ۋەزىپە بەرگەن. ھەتتا مەسجىدنىڭ بىر ئىشىگىنى مەخسۇس ئاياللارغا ئايرىغان." (ئەبۇ داۋۇد، ناماز، 53:571)

ئەنسار ئاياللىرى ئاياللارغا مەخسۇس دىنىي ھۆكۈملەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلغان ۋە ھاياسى ئىلىم ئۆگىنىشتىن چەكلەپ قويمىغان. ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: "ئەنسار ئاياللار نېمىدېگەن ياخشى! ھاياسى ئۇلارنى دىنىي مەسىلىلەرنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشتىن چەكلەپ قويمىدى." (مۇسلىم، ھەيز، 61)

ئايال ساھابىلەر بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەبلىغ ۋە سۆھبەت يولى بىلەن ئىسلامنى ئۆگىنىشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىنسانلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە ئەقلىگە كەلگەن سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئايال ساھابىلەرگە ئېتىبار بېرىپ، سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن ۋە ھەر تۈرلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تىرىشقان. (مۇسلىم، پەزائىل، 76؛ ئەبۇ داۋۇد، ئەدەب، 12)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر خۇتبىسىدە: "ئى ئىنسانلار! نەپسىڭلار ئازدۇرىشىدىن قورققان بىرەسى بولسا ئورنىدىن تۇرسۇن. ئۇنىڭغا دۇئا قىلاي" دېدى. (دۇئا تەلەپ قىلغان بىرقانچە ئەردىن كېيىن) مەسجىدنىڭ ئاياللارغا ئائىت قىسمىدىن بىر ئايال

ئۇرنىدىن تۇرۇپ: ”مەندە مۇنداق، مۇنداق ئەھۋاللار بار. مەن ئۇچۇن ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: ”ئائىشەنىڭ ئۆيىگە بارغىن“ دېدى. ئاندىن مۇنبەردىن چۈشتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ ئۆيىگە قايتقاندا ئۇ ئايالنىڭ بېشىغا ھاسىسىنى قويدى ۋە دۇئا قىلدى.“ (ئىبنى سائاد، 2-جىلد، 255)

ئايال ساھابىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى ئاللاھنىڭ كەلامى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بىلەن قۇرۇشى، مەسىلە ۋە دەردىنى بۇ مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىش ئىرادىسىدە بولىشى بىزگە ئۆرنەكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غىفار قەبىلىسىدىن بىر ئايالغا: «بىر سۇ قاچىسى ئال، ئىچىگە تۇز سال، ئاندىن كىيىمىڭگە يۇقۇپ قالغان قاننى ئۇنىڭ بىلەن پاكىزلا» دەپ تەۋسىيە قىلدى.

پەيغەمبەرگە چىن كۆڭلىدىن مۇھەببىتى بىلەن ئىتائەت قىلغان ئۇ ئايال ساھابە بىر ئۆمۈر بۇ تەۋسىيەنى ئىسىدە تۇتتى. سۈيىگە تۇز تۆكمەي كىيىملىرىنى يۇيمىدى، ھەتتا ۋاپات تاپقاندا مېيىتىنى يۇيىدىغان سۇغا تۇز قوشۇشنى ۋەسىيەت قىلدى.» (ئەبۇ داۋۇد، تاھارەت، 122:313)

كۈنىمىزدە ئاياللارمۇ دىنىنىڭ زاھىرى ۋە باتىنى قىسمىنى ئۆگىنىش غەيرىتىنى قولدىن بەرمەسلىكى ۋە ئايال ساھابىلەرنى ئۆرنەك قىلىشى كېرەك.

بىر مۇسلىمە ئايال ۋە مۇسلىمە ئانىغا ھەقىقى زۆرۈر بولغان ئىلىم مانا بۇدۇر. چۈنكى ھەقىقى ئىستىقبال ئاخىرەت ئىستىقبالىدۇر.

## ئايال ساھابىلەرنىڭ ساۋاب تېپىش ئىرادىسى

ئايال ساھابىلەر ئىلىم تەھسىل قىلىش، ساۋابلىق ئىش قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنىۋىي تەرەپتىن يېقىن بولۇش جەھەتلەردىمۇ ئەر ساھابە كىراملار بىلەن بەسلىشىپ تۇراتتى.

ساھابە كىراملاردىن يەزىد بىن سەكەنىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا پاساھەت ئىگىسى ئەقىللىق بىر ساھابە ئىدى. بىر كۈنى باشقا ئايال ساھابىلەر تەرىپىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلدى. رەسۇلۇللاھقا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت ئىچىدە، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىپادىلەر بىلەن مۇنداق دېدى: «ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن ئاياللار تەرىپىدىن ساڭا ئەلچى بولۇپ ئەۋەتىلدىم. ئاللاھ سېنى پۈتكۈل ئەر-ئايالغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. بىز ئاياللار ساڭا ۋە رەببىمىزگە ئىمان ئېيتتۇق. لېكىن بىز ئۆيدىن چىقالمايمىز. يولدىشىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ پەرزەنت يېتىشتۈرىمىز. سىلەر ئەرلەر بولساڭلار جۈمە نامىزى ئوقۇش، مەسجىدلەرگە بېرىپ جامائەتكە قوشۇلۇش، كېسەل يوقلاش، مېيىت نامىزىغا قاتنىشىش، بىر نەچچە قېتىم ھەج قىلىش، ئەڭ مۇھىمى ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىشقا ئوخشاش پەزىلەتلىك ئىشلار بىلەن بىزدىن ئۈستۈن بولدۇڭلار.

لېكىن سىلەر پەرز ھەج ياكى ئۆمرە ھەج ئۈچۈن ئۆيدىن چىققان ۋاقىتىڭلاردا بىز ئۆيدە قېلىپ سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى قوغدايمىز، يىپ ئىگىرىپ كىيىمىڭلارنى توقۇيمىز ۋە باللىرىڭلارنى باقىمىز، بىزمۇ شۇ خەيرلىك، ساۋابلىق ئىشلارنىڭ ئەجرىدە سىلەر بىلەن ئورتاق بولالامدۇق؟ ئى رەسۇلۇللاھ!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەتراپىدىكى ساھابىلەرگە ئۆرۈلۈپ: «سىلەر دىن ئىشلىرىدا سوئال سورىغان بىر ئايالدىن بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقتىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى.

ساھابىلەر: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىز بىر ئايالنىڭ بۇ قەدەر گۈزەل سۆزلەرنى قىلالايدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدۇق.» دېيىشتى.

رەسۇلۇللاھ تەكرار ئەسماغا خىتاپ قىلىپ: «ئەي خانىم! خەۋەردار بول ۋە سېنى ئەۋەتكەن شۇ ئاياللارنىمۇ خەۋەردار قىلغىنكى، ئاياللارنىڭ يولدىشى بىلەن ياخشى ئۆتۈپ، يولدىشىنىڭ رازىلىقىنى قازىنىشى شۇ پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكەنگە ئوخشاش بولىدۇ.» دېدى. ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئارقىغا قايتقاندا مەمنۇنىيەتتىن شاھادەت ۋە تەكبىر ئېيتتى.

(ئىبنى ئەساكىر، تارىخى دەمەشىق، 7-جىلد، 463-363، 29-جىلد، 67-65؛ بەيھاقى، شۇئاب، 6-جىلد، 421؛ ھەيسەمى، 4-جىلد، 305؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇل غابە، 7-جىلد، 19)

بۇ ھەدىس ئايال ساھابىلەرنىڭ ئاخىرەت سەرمايىسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن قانداق ئىشتىياقتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ بەرگەن جاۋابى شۇ مەنتىقنى تەستىقلايدۇكى، مۇسلىمە ئايالنىڭ پائالىيەت ساھەسى ئۇنىڭ ئۆيىدۇر.

باشقا بىر ئايال ساھابە ئۇممۇ رىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پاساھەت ۋە بالاغەت ئۇستىسى، قەلبى پاك، ئاغزى تاتلىق، ئەقىللىق ۋە ناھايىتى پاراسەتلىك بولۇپ، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ سالام بەردى. ئېھتىرام ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن ئەدەپ ئىچىدە ئۆزىنىڭ پەردە ئارقىسىدا، ھەرەمخانىلاردا

قىلىپ قالغانلىقى، يولدىشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىش قىلىدىغان بولغاچقا بالا بېقىش ۋە بۇشۇك تەۋرىتىشتەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىزگە جىھادقا قاتنىشىش ۋە بۇيۇك ئەجىرلەرگە ئېرىشىش نېسىپ بولمايدۇ، بىزگە بىر ئەمەل ئۆگەتسەڭ بىز شۇ ئەمەلنى ۋەسىلە قىلىپ ئاللاھقا يېقىنلىشايلى!» دەپ قىسقا، پەقەت ۋە پەقەت ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «كىچە-كۈندۈز ئاللاھنى زىكىر قىلىڭلار. كۆزۈڭلارنى يات ئەرلەرگە قاراپ قېلىشتىن ساقلاڭلار. ئاۋازىڭلارنى ئۇلارغا ئاڭلىتىشتىن مۇھاپىزەت قىلىڭلار!» دەپ ئۇلارغا جىھاد ساۋابى قازاندۇرىدىغان ۋە ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنى تەۋسىيە قىلدى. (ئىبنى ھاجەر، ئەل ئىسابە، 8-جىلد، 204-بەت)

شۇنداقتىمۇ جىھادقا قاتناشقان ئايال ساھابىلەر بولدى. ئۇممۇ ئۇمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇھۇد جېڭىگە قاتنىشىپ ئوقياسى بىلەن جەڭ قىلغانلاردىن بىرسى ئىدى. جەڭدىن مەدىنىگە قايتقان ئاللاھ رەسۇلى: «جەڭ ئەسناسىدا ئوڭ تەرەپكە قارىدىم ئۇممۇ ئۇمارە، سول تەرەپكە قارىدىم ئۇممۇ ئۇمارە يېنىمدا جەڭ قىلىۋاتاتتى.» دېدى. (ئىبنى ھاجەر، ئەل ئىسابە، 4-جىلد، 479)

بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرلۇك ئىلتىپات ۋە دۇئاسىغا ئېرىشكەن ئۇممۇ ئۇمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «جەننەتتە سەن بىلەن قوشنا بولىشىمىز ئۈچۈن دۇئا قىل» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھىم! بۇلارنى ماڭا جەننەتتە قوشنا ۋە ھەمراھ قىلىپ بەر» دەپ دۇئا قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇممۇ ئۇمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «بۇنىڭدىن كېيىن بېشىمغا قانداق مۇسىبەت كەلسە كەلسۇن، ئەندىشەم يوق» دېدى. (ۋاقىدى، 1-جىلد، 273؛ ئىبنى سائاد، 8-جىلد، 415)

بىر ئايال ساھابىنىڭ دۇنيادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش ۋە ئاخىرەتتە پەيغەمبىرىمىزگە قوشنا بولۇش ئىشتىياقى نېمىدېگەن بۈيۈك!

ئۇھۇد جېڭىدىكى باشقا بىر ئىبرەتلىك سەھنە:

ئۇھۇد كۈنى مەدىنىگە: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەر بىلەن مەدىنىدە ئاھۇ-پەرياد كۆتۈرۈلدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كەلگەنلەردىن بىرەر خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن يوللارغا تۆكۈلدى. ئەنساردىن سۇمەيرا رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئىككى ئوغلى، دادىسى، يولدىشى ۋە بىر تۇققىنىنىڭ شېھىت بولغانلىقى خەۋەر قىلىندى. لېكىن بۇ مۇبارەك ئايال بۇلارغا جىددىيلەشمىدى، پەقەتلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلىپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟» دەپ سوراپ تۇردى.

ئۇنىڭ بىلەن ئۈچراشقان ساھابىلەر: «ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى ياخشى، ئارزۇ قىلغىنىڭدەك ھاياتتا» دېدى. شۇنداقتىمۇ سۇمەيرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگىچە كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ، مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىڭلار» دېدى.

ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنى كۆرسەتكەن ۋاقتىدا دەرھال بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىنىڭ

بىر ئۇچىنى تۇتۇپ: «ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! سەن تىنچ-ئامان بولساڭلا ھېچ بىر نەرسىدىن ئەنسىرىمەيمەن» دېدى. (ۋاقىدى، 1-جىلد، 292-بەت؛ ھەيسەمى، 6-جىلد، 115-بەت)

مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە كۆڭلى مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشقان مۆئمىنلەرنىڭ كۆرسەتكەن پىداكارلىق ۋە پەزىلەت نەمۇنىلىرى.

ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ بىن ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ۋاپات تاپقاندا ئىنسانلارغا ئېيتقان شۇ سۆزى ساھابىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلىشقا بولغان ھاياجىنىنى نامايەندە قىلىدىغان ياخشى مىسالدۇر.

«ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈڭلار ھەمدە ئىشتىياق بىلەن كۆتۈرۈڭلار. چۈنكى ئۇ خىزمەتچىلىرى بىلەن ئۇلى تەقۋالىق ئۈستىگە قۇرۇلغان مەسجىدى نەبەۋىي ئۈچۈن كېچىسى تاش توشۇدى. بىز ئەرلەر كۈندۈزى ئىككى-ئىككىدىن توشۇدۇق.» (ھەيسەمى، 2-جىلد، 10)

ئەجىر ۋە ساۋاپ قازىنىشتا بەسلىششتىن ھېچ توختاپ قالمىغان ساھابە ئاياللىرى سەللامە ئىسىملىك بىر ئايالنى پەيغەمبەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ باققۇچىسى ئىدى. ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

سەللامە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەرلەر ھەققىدە بەك كۆپ خوشخەۋەر ئېلىۋاتىمىز، لېكىن ئاياللار ھەققىدە ھېچبىر خوشخەۋەر بەرمىدىڭ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنى ساڭا ئۇ ئاياللارمۇ ئۆگەتتى؟» دېدى

سەللامە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ھەئە، بۇنى ماڭا ئۇلار ئېيتتى» دېدى. بۇ جاۋابنى ئالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن بىرەرسىڭلار يولدىشى ئۇنىڭدىن مەمنۇن ھالدا پەرزەنتلىك بولسا ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇغان، روزا تۇتقان ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ، پەرزەنتىنى تۇغقاندا ئۇنىڭغا ئاسمان-زېمىن بىلمەيدىغان كاتتا نېمەتلەرنى تەييارلايدۇ، پەرزەنتى ئەمگەن ھەر بىر تامچە سۈت ئۈچۈن بىر ساۋاب يېزىلىدۇ، ئەگەر پەرزەنتى ئۇنى كېچە ئۇخلاتمىسا ئاللاھ يولىدا 70 قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ.» دېدى. (ھەيسەمى، 4-جىلد، 304-305)

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ خوشخەۋىرىگە سالىھە ئاياللارنىڭ سۈپەتلىرىگە ئىگە بولغان كۆنمىزدىكى ھەر مۇسلىمە لايىقتۇر.

## سالىھە ئايالنىڭ سۈپەتلىرى

ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا ئۆتكۈنچى مەنپەئەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ پايدىلىق بولغىنى دىندار ئايالدۇر.» (مۇسلىم، رەدا، 64؛ نەسائى، نىكاھ؛ ئىبنى ماجە، نىكاھ، 5)

بۇنداق ياخشى نېمەتنىڭ، سالىھە ئايالنىڭ 4 سۈپىتى بار.

### 1. سالىھ ئەمەلنى قوللايدۇ

سالىھە ئايال يولدىشىنىڭ سالىھ ئەمەلنى قوللايدۇ. بۈيۈك ئىنسانلارنىڭ ئارقىسىدا دائىم سالىھە بىر ئايال بار. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى تەبلىغىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلەپكى ياردەمچىسى، قوللىغۇچىسى ھەزرىتى خەدىچە ۋالىدىمىز (ئانىمىز) ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچە ئانىمىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنۇتمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلە سۆھبىتىدە خەدىچە ئانىمىزنى ئۇزۇن بايان قىلىپ، بەزى خاتىرلىرىنى يىغىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆتكەن كۈنلەرنى ياد ئېتەتتى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەيران قالغان ھالدا: «ئى رەسۇلۇللاھ! يىللار ئىلگىرى ۋاپات تاپقان ياشانغان بىر ئايالنى بۇ دەرىجىدە خاتىرلەپ ياد ئېتىشتا نېمە پايدا بار؟ ئاللاھ سىزگە ئۇنىڭدىن ياش ۋە گۈزەلىنى ئېھسان قىلدى، ئېغىزىدا چىشمۇ قالمىغان قېرى مومايىنىڭ ئورنىغا ياش بىرسىنى بەرگەن تۇرسا» دېدى. (بۇخارى، مەناقىبۇل ئەنسار، 20)

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بۇ سۆزىگە ئاللاھ رەسۇلىنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن ھەزرىتى خەدىچىنى نېمىشقا ئۇنۇتالمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان شۇ سۆزلەر تۆكۈلدى: «ئى ئائىشە! شۇنچە يىل ئۆتتۈپمۇ ھەزرىتى خەدىچىنى ئۇنۇتالماسلىقىم ئۇنىڭ تاشقى گۈزەللىكىدىن ئەمەس، ھەممەيلەن مېنى ئىنكار قىلغاندا خەدىچە ماڭا ئىشىنىپ، مېنى رىغبەتلەندۈردى. ئەتراپىمدىكى مۇشرىكلار مېنى: «يالغانچى» دېگەندە، خەدىچە ماڭا: «ھەقنى سۆزلەۋاتىسەن، ھەرگىز كەينىڭگە يانما» دېدى. ئىنسانلار مەندىن بىر دىنارنى ئايىغىنىدا، خەدىچە پۈتكۈل مال-مۈلكىنى ئالدىمغا قويۇپ «بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ، خالىغىنىڭچە ئىشلەت» دېدى. دۇنيادا يالغۇز قالغان كۈنلىرىمدە خەدىچە مەندىن ۋاز كەچمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتتۈپ كېتىدۇ، قايغۇرما! بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ كەينىدىن ئاسانچىلىق كېلىدۇ، دېدى. مەن خەدىچىنى بۇ پىداكارلىقى ئۈچۈن ئۇنۇتمايمەن.»

شۇنىڭغا ئوخشاش ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدە ھەزرىتى فاتىمەنىڭمۇ رولى بار.

ئائىلىنىڭ تەقۋادار ئائىلە بولالىشى ئۈچۈن ئايالنىڭ دىندار بولىشى بەك مۇھىم. ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئۆيلەنگەندە ئاياللارنىڭ شۇ تۆت ئالاھىدىلىكىگە قارىلىدۇ. مېلى، نەسەبى، گۈزەللىكى، دىندارلىقى. سەن (باشقىلارنى قويۇ) دىندار بولغىنىنى تاللا.» (بۇخارى، نىكاھ، 15) سالىھە ئايال يولدىشىنىڭ ئىمانى ۋە ئۆمرىنى سالىھ ئەمەللەر بىلەن زىننەتلىشىگە ياردەمچى بولىدۇ. بۇنداق ئايال ئەر ئۈچۈن ئەڭ كاتتا نېمەتتۇر.

ھەزرىتى زەينەپ بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھا قول ھۈنىرى قىلىدىغان، ھۈنىرىدە ناھايىتى ماھارەتلىك بىر ئايال ئىدى. قول ھۈنىرى بىلەن تاپقان كىرىمنى ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا: «سىلەردىن ماڭا ئەڭ تېز ۋە بالدۇر كېلىدىغىنى قولى ئۇزۇن، مەرت، سېخى بولغىنى» دېگەن.

ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسرىتىدە قوللىرىمىزنى ئۆلچەيتتۇق. قايسىمىزنىڭ ئاللاھ رەسۇلىغا ئەڭ تېز بارىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تىرىشاتتۇق. ھالبۇكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قولى ئۇزۇن ئايال دەپ تەرىپلىگىنى زەينەپ بىنتى جەھش ئىدى. چۈنكى ئۇ قول ھۈنىرى قىلاتتى، تاپقان پۇلىنى سەدىقە قىلاتتى.» (مۇسلىم، فەزائىلۇل ساھابە، 101)

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن» (تەۋبە سۈرىسى 34 ـ ئايەت) ئايىتى نازىل بولغاندا بىز

پەيغەمبەر بىلەن سەپەردە ئىدۇق. ساھابىلەردىن بەزىلىرى: «ئالتۇن-كۈمۈش ھەققىدە ئايەت نازىل بولدى. بىز ئۇلارنى يىغىپ-ساقلىماي ھەممىسىنى سەدىقە (ئىنفاق) قىلىمىز، كاشكى قايسى مالنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلسەك ئۇنى تېپىپ يىغىپ ساقلىساق.» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىگە بولغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى زىكىر قىلغۇچى تىل، شۈكۈر قىلغۇچى قەلب ۋە يولدىشىنىڭ ئىمانىغا ياردەمچى بولىدىغان سالىھە ئايال» دېدى. (تىرمىزى، تەپسىر، 9:9)

ئىسلام ئۇنۇتۇلمىغان، ئايالى يولدىشىغا، يولدىشى ئايالىغا ئاخىرەتنى خاتىرلىتىدىغان، بىر-بىرىنى يۈزىگە سۇ چېچىپ كېچىسى نامازغا ئويغىتىدىغان سەمىمىيەت ۋە مۇھەببەت بىلەن تولغان ئائىلە دۇنيانىڭ ئەڭ بەختىيار ئائىلىسىدۇر.

بۇنداق ئائىلىدە ئەرگىمۇ، ئايالغىمۇ پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسى بار: "كېچىلىرى قوپۇپ ناماز ئوقۇغان، ئايالىنىمۇ ئويغاتقان، قوپمىسا يۈزىگە سۇ سېپىپ ئويغاتقان ئەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن. ئوخشاش بىر شەكىلدە كېچىلىرى قوپۇپ ناماز ئوقۇغان، ئېرىنىمۇ ئويغاتقان، قوپمىسا يۈزىگە سۇ سېپىپ ئۇيقۇسىنى قاچۇرغان ئايالغىمۇ ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!" (ئەبۇ داۋۇد، تاتاۋۋۇ، 18، ۋىتىر، 13)

بىر مىللەتنىڭ ۋارىسلىرىغا ئىمان ھاياجىنى، ۋەتەن-مىللەت سۆيگۈسى ۋە شۇ يولدا ھەر تۈرلۈك پىداكارلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىنى بېرەلەيدىغىنى سالىھە ئانىلاردۇر. 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا تۈركىيەدە چاناققەلئەنىڭ نامسىز قەھرىمانلىرى يۈرەك پارىسى ئوغۇللىرىنى"ئاللاھ يولىدا قۇربانىدۇر" دەپ خېنە يېقىپ ئالدىنقى سەپكە، ۋەتەن مۇداپىئەسىگە ئەۋەتكەنلەر پىداكار ئانىلاردۇر.

قەھرىمان يىگىتلەردىن يوزغات (يەر نامى) لىق ھەسەننىڭ چاچلىرىغا خېنە يېقىپ چاناققەلئەگە ئەۋەتكەن ئانىسى ئۇنىڭغا يازغان مەكتۇپىدا مۇنۇلارنى دېگەن: «ئوغلۇم! سەن بۇ ئائىلىنىڭ تاللانغان قۇربانى. بىزنىڭ يېزىدا قۇربانلىققا ئايرىلغان قويلارغا خېنە ياقىدۇ. مەنمۇ سېنى باللىرىم ئارىسىدىن ۋەتەنگە قۇربان قىلىش ئۈچۈن ئاتىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن چاچلىرىڭغا خېنە ياقتىم. سېنى پەرىشتىلەر ھازىردىن باشلاپ رەھمەت بىلەن خاتىرلايدۇ.»

1915 ـ يىلى كۈز پەسلىنىڭ سالقىن ۋە ھۆل يېغىنلىق كۈنلىرىنىڭ بىرى. سۆگۈت (يەر نامى)نىڭ ئاقكۈنلۈك يېزىسىدىن ئاق چاچلىق، بەللىرى مۈكچەيگەن، يۈزلىرى تاتىراڭغۇ بىر ياشانغان موماي بىلەجىك (يەر نامى) بېكىتىدىن ئوغلىنى ئالدىنقى سەپكە يولغا سېلىۋاتاتتى. ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ مۇنۇلارنى دېدى: «ھۆسەينىم! يىگىت ئوغلۇم! تاغاڭ شىپكا (يەر نامى)دا، داداڭ دۆمەكە (يەر نامى)دە، قېرىندىشىڭ چاناققەلئەدە (يەر نامى)دە شېھىت بولدى. قارا! ئاخىرقى ئۈمىدىم سەن! ئەگەر مۇناردىن ئەزان ئاۋازى توختىسا، جامەلەرنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلسە سۈتۈم ساڭا ھارام بولسۇن! ئۆل ۋە مەھەللىگە قايتما!شىپكادىن ئۆتۈپ قالساڭ تاغاڭنىڭ بېشىغا بېرىپ روھىغا فاتىھە ئوقۇشنى ئۇنۇتما! ئاق يول بولسۇن، ئاللاھقا ئامانەت!»

ھاياتىدا مانا مۇشۇنداق تەقۋانى ئاساس قىلغان، ئاخىرەتنى ئويلاپ ياشايدىغان سالىھە ئايال ھارامدىن يىراق تۇرۇپ پەقەت ھالالنى خالايدۇ.

## 2. پەقەت ھالالنى خالايدۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايال ساھابىلارنىڭ كۆڭۈل دۇنياسىنىڭ قورئان ۋە سۈننەتكە قانچىلىك باغلىق ئىكەنلىكى ۋە ھالال لوقمىغا قايسى ئۆلچەمدە دىققەت قىلىدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: "ساھابە ئۆيىگە كەلگەندە ئايالى ئۇنىڭدىن 2 سوئالنى سورايتتى:

1. بۈگۈن قۇرئاندىن قانچە ئايەت نازىل بولدى؟

2. ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ھەدىسلىرىدىن قانچىنى يادلىدىڭ؟"

ساھابە ئۆيىدىن چىقىدىغان ۋاقىتتا ئايالى يەنە يولدىشىغا: "ئاللاھتىن قورقۇڭ! ھارام نەرسە ئەكەلمىگىن! بىز دۇنيادا ئاچلىققا سەبىر قىلالايمىز، لېكىن قىيامەت كۈنىدە جەھەننەم ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز!" (ئابدۇلھەمىد كەشك، فى رىھابىت تەپسىر، 1-جىلد، 62) دەپ نەسىھەت قىلاتتى. مانا بۇ سالىھە ئايالنىڭ خىسلىتى. دۇنيا بايلىقى ۋە راھىتى ئۈچۈن يولدىشىنى ئوتقا ئىتتىرىۋاتقان زامانىۋىي ئاياللارنىڭ دەل ئەكسىچە. ئەتىگەندە يولدىشىنى: "ئۆيگە ھارام ئەكەلمە!" دەپ خاتىرلىتىدىغان تەڭداشسىز كۆڭۈل؟

سالىھە ئاياللارغا بۈنىڭدەك ئۆرنەك بولغانلار ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ماڭا دۇنيادا 3 نەرسە سۆيۈملۈك كۆرسىتىلدى. ئۇلاردىن بىرى سالىھە ئايال" دېگەن. (نەسائى، ئاياللارغا ئىشارەت، 10؛ ئەھمەد، 3-جىلد، 128، 199)

ئۆزىمىزگە ئۆرنەك ئالىدىغان، بىزگە ئۈلگە بولىدىغان ھەزرىتى خەدىچە، ھەزرىتى ئائىشە ۋە ھەزرىتى فاتىمە ئانىلىرىمىز بار. ئۆزىمىزنى دائىم ھېسابقا تارتىپ تۇرىشىمىز كېرەك. ئەجەبا بىز ئىسلامنىڭ شەخسىيەت،

ئىززەت-غورورى ۋە خارەكتېرىنىڭ ۋەكىلى بولىدىغان شۇ ئۆرنەكلەرنىڭ قايسى باسقۇچىدا؟

## 3. ئىپپەتلىك ۋە مۇستەقىل كۆز قاراشقا ئىگە

سالىھە ئايالنىڭ ئەخلاقى سۈپىتى ئىپپەتلىك ۋە مەۋقەلىك بولىشىدۇر.

ئاللاھ ئۇممىتى مۇھەممەدكە پەيغەمبەر ئاياللىرىنىڭ ئۈبرازى ئارقىلىق ھايا ۋە ئىپپەت تەلىماتى بېرىدۇ:

«ئى پەيغەمبەرئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشمايسىلەر. (يات ئەرلەرگە) نازلىنىپ سۆز قىلماڭلار. (نازلىنىپ سۆز قىلساڭلار) دىلىدا كېسەل بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ. (گۇماندىن خالىي) ياخشى سۆز سۆزلەڭلار. ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار. ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار. ناماز ئۇقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئى پەيغەمبەر ئاھالىسى! ئاللاھ سىلەردىن گۇناھىڭلارنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ.» (ئەھزاپ سۈرىسى 32-33-ئايەت)

سەلەبى ۋە باشقىلارنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندا يىغلىغىنىدىن ياغلىقى ھۆل بولۇپ كەتكەن. سەۋدا رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: «نىمە ئۈچۈن باشقا قېرىنداشلىرىڭىز قىلغاندەك ھەج قىلمايسىز؟ ئۆمۈر ھەجگە بارمايسىز؟» دەپ سورالغىنىدا، مۇنداق دېگەن: «پەرز ۋە ئۆمۈر ھەجنى يېقىندا قىلدىم. ئاللاھ ماڭا ئۆيدە قېلىشىمنى بۇيرىدى.» رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا قەسەمكى، جىنازىسى چىقىرىلغانغا قەدەر ئۆيىدىن ئايرىلمىدى، ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!»

سالىھە ئايالنىڭ ئىپپەت ۋە ئىززەت ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزمۇ دىققەت قىلغان. مەسىلەن، فاتىھ سۇلتان مەھمەدخان ۋەقپ نىزامىدا مۇنداق دېگەن: «كۇللىيە ئىچىدە بىنا قىلىنغان ئىمارەتخانىدا شېھىتلارنىڭ ئاياللىرى ۋە ئىستانبۇل شەھرىنىڭ پېقىر پۇقرالىرى تاماق يېگەي! لېكىن تاماق يېيىش ياكى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزى شەخسەن كېلەلمەيدىغانلارغا بىر ئاز قاراڭغۇ چۈشكەندە ئېغىزى ئېتىلگەن قاچىلاردا تاماقنى باشقىلارغا كۆرسەتمەي ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىڭلار.»

بۇنداق ئىنچىكە ۋە زىرىپ تەدبىر مۇسلىمە خانىملارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈندۇر. ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىپپىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئالغان تەدبىرلىرى غەيرى مۇسلىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

فاتىھ سۇلتان مەھمەدخاننىڭ بوسنا گىرىتسگوۋىنانى فەتىھ قىلغاندىن كېيىن چىقارغان بىر پەرماندا: «سىرىب قىزلىرى سۇ ئېلىش ئۈچۈن بۇلاق بېشىغا كەلگەندە ئەسكەرلىرىم ئۇ يەرلەردە تۇرمىسۇن.» دېيىشى ئىمپېراتورلۇقتىكى ئىپپەت ۋە نۇمۇس كاپالىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. فاتىھ سۇلتان مەھمەدخان بۇ پەرمانى ئارقىلىق ئەسكەرلەرنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان خىرىستىئان قىزلىرىنىڭ ئىپپىتىنى قوغدىغان.

## 4. ماددىي ۋە مەنىۋى ھىجاب

ھىجابلىنىش ئەرەپچە تەسەتتۇر (يۆگىنىش) ھەم ئىپپەتنى قوغداش ۋاستىسى ھەم ئاياللار ئۈچۈن نازاكەت ۋە ھۆرمەت ئۆلچىمى، ئاياللىق شەخسىيىتىنىڭ قوغدىلىشى. ئاياللارنى نەپسانىي ئارزۇلارنى قوزغىتىدىغان شەھۋەت

ۋاستىسى بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ، قارشى تەرەپكە نازاكەت تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان قىممەت ئىپادىسى، گۈزەللىكىنى پەقەت مەھرىمىگىلا خاس قىلىش، ناتونۇشلارغا ئىزهار قىلماسلىق مەخپىيەتلىكىدۇر.

## ھىجابلىنىش ئاللاھنىڭ ئەمرى

«مۆئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن. ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن. تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن. لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن. (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، قېيىن ئاتىلىرىدىن، ئوغۇللىرىدىن، ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، قىز قېرىندىشىنىڭ ئوغۇللىرى، دىنداش ئاياللار، قول ئاستىدىكى چۆرىلەر، خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر، ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىنى بىلمەيدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقىلارغا كۆرسەتمىسۇن. زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن. ئى مۆئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار.» (نۇر سۈرىسى 13 ـ ئايەت)

ھىجابلىنىشقا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرى مۇنداق:

دىھيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قۇبتىييە دەپ ئاتىلىدىغان نېپىز رەختلەر كەلتۈرۈلدى. ئۇلاردىن بىرىنى ماڭا بېرىپ: ”بۇنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر پارچىسىدا ئۆزۈڭگە كۆينەك تىككۈزگىن، يەنە بىر پارچىسىنى

ئايالىڭغا بەرگىن. ئۆزىگە ياغلىق قىلسۇن دېدى.“ مەن قايتىش ئۈچۈن ماڭغىنىمدا: «ئايالىڭغا دېگىن، بۇ نېپىز رەختنىڭ ئىچىگە بەدىنىنى كۆرسەتمەيدىغان باشقا بىر كىيىم كېيسۇن.» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد، لىباس، 36:4116)

ھىجابلىنىش پەقەتلا بەدەننى يۆگەشلا ئەمەس، بۇ ئەينى ۋاقىتتا مەنىۋى ئىپپەت قالقىنى. ئايالنىڭ يۆگىنىشى بىلەن ئاياللىق شەخسىيىتى قوغدىلىدۇ. ئورانغان ئايال يۆگىنىشى بىلەن قارشى تەرەپكە نازاكەت تۇيغۇسى بېرىدۇ، ئەكسىچە ئايال نەپسانىي ئارزۇلارغا ۋەسۋەسە سالىدىغان شەھۋەت ۋاستىسى ھالىغا كەلسە بۇ ئۇنىڭ شەخسىيىتى ۋە قەدىر قىممىتىنى چۈشۈرىدۇ، ئانىلىق مەرتىۋىسىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. بۇ يەردە شۇ نۇقتىلارغا ئىشارەت قىلىنغان: ”يارىتىلىش ئېتىبارى بىلەن ئەر-ئايال نەپسى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. بۇ ئەر-ئايالغا ئائىت ئىلاھىي بەلگىلىمىدىكى ۋەزىپە ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار خۇسۇسىيەت پەرقىدىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك ئاياللارغا ئائىت يۆگىنىش شەكلى بىلەن ئەرلەرگە ئائىت يۆگىنىش شەكلىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. چۈنكى ئايال، ئەرگە سېلىشتۇرغاندا تەبىئى جەزبىداردۇر. ئەرلەرنىڭ بەدىنى فىزئولوگىيە جەھەتتىن تۈز يارىتىلغان بولۇپ، ئايالنىڭ بەدىنى ئورغاق شەكىلدە، ئەگرى يارىتىلغان. شۇ سەۋەبلىك بەدەنگە چاپلاشمايدىغان، بەدەن شەكلىنى بىلدۈرمەيدىغان، دىققەت تارتىشتىن ساقلايدىغان يۆگىنىشكە (تەستۇرغا) ئېھتىياجلىق بولىدۇ. تەستۇردىن يىراقلىشىپ ئۆزىنى جەمئىيەتكە ئاشكارىلىغاندا نازاكىتى ۋە ئىسىللىقى قالمايدۇ. ئانىلىق سۈپىتى ۋە پەرزەنتلىرىنى قوغداش خۇسۇسىيىتى زىيانغا

ئۇچرايدۇ. ھەجابلىنىش ئەمرى ئارقىلىق ئايالنىڭ جەزبىدارلىقى پەقەت يولدىشىغىلا خاس قىلىنغان.

چۈنكى نەسلىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە قارشى ئۆزگەرمەس فىترەت مايىللىقى بولۇپ، تەسەتتۇر ئەمرىگە رىئايە قىلمىغاندا بۇ مايىللىق ئىلاھىي بەلگىلىمىلەرنى يوققا چىقىرىشقا ئوخشاش پالاكەتلەرگە دۇچار قىلىدىغان ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىققا سەۋەپ بولىدۇ. ئاللاھتائالانىڭ: «زىناغا يېقىنلاشماڭلار!» (ئىسرا سۈرىسى 32-ئايەت) دېگەن ئىلاھىي بۇيرۇقىدىكى دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك نوقتىلاردىن بىرى:

«تەسەتتۇرغا رىئايەتسىزلىك قىلىپ زىنانىڭ يولىنى ئاچماڭلار! ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت بەرمەڭلار!» بۇ مۇتلەق (ئىجرا قىلىنىشى كېرەك) ھۆكۈمدۇر. دىققەت قىلساق، ئىسلام تاشقى كۆرۈنىشى جەزبىدار بولمىغان ئاياللارنىمۇ تەسەتتۇرغا بۇيرىغان. يەنى:

«بۇ ئايال بېشىنى، پۇتىنى، بىلەكلىرىنى ئاچسۇن، ئاچمىسۇن پەرق يوق، دىققەت تارتمايدۇ» دېگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە تەسەتتۇر ئارقىلىق ئاياللىق مەرتىۋىسىنىڭ قوغدىلىشى ئاساس قىلىنغان.

بۇ نوقتىدا بولسۇن ياكى باشقا نوقتىلاردا بولسۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن يول يورۇقىغا دىققەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئالاقىمىز پەقەت ھەۋەستە، خىياللىرىمىزدا قېلىپ قالماسلىقى كېرەك.

تۆۋەندىكى مىسرالاردىكى شۇ ئىنچىكە ھېسابقا تارتىشنى ئۇنۇتمايلى:

شۇ چۆل كەبى دۇنيادا، ئەي گۈل ئاشىقىڭدىن يەنە،
مەستانە بۇلالمىدۇق، يالغۇز ھەۋەسكار بولدۇق.

ئەمرىڭگە "لەببەيك" دېگەن ساھابە ئىدى.
بىز ساڭا، پەرۋانە بولالمىدۇق، يالغۇز ھەۋەسكار بولدۇق،
- سەيرى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەستۇرلىرىغا ھەۋەس قىلىشلا كۇپايە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، كۆچى يەتكەن نىسبەتتە رىئايە قىلىش شەرتتۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 4 سۈپەتكە ئىگە بولغان ئايال يەنى يولدىشى ئۈچۈن سالىھ ئەمەلنى قوللايدىغان، پەقەت ھالالنى خالايدىغان، ئېپپەت ۋە مەيدانى بار، ماددى-مەنىۋي تەسەتتۇر ئارقىلىق ئىسلام نازاكىتىگە باغلانغان مۇسلىمە ئايال، سالىھە ئايالدۇر.

قىزلىرىمىزنى بۇ ئۆلچەمدە يېتىشتۈرۈش ئانىلار ۋە مۇئەللىمەلەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. شائىرنىڭ دېگىنىدەك:

تەكرار گۈل تىكىلسە، كىشىنىڭ جەننىتى ئۆيىدۇر.
ئەي ئانا! سۆيگۈ بەر ئۆيلەرگە، بۇ ۋەزىپەڭدۇر.
- سەيرى

تەقۋادار جەمئىيەتلەر سالىھە ئايال ۋە سالىھە ئانىلار قۇرغان ئائىلىدە يېتىشىپ چىقىدىغان، كۆز نۇرى بولغان پەرزەنتلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. شۇڭلاشقا نىكاھ ۋە توي مۇراسىملىرى ئىسلامىي ھالەتتە بولۇشى كېرەك.

## ئۆيلىنىش ۋە توي-تۆكۈنلەر

ئۆيلىنىش يەنى ئائىلە قۇرۇش ئاللاھنىڭ ئېھسانى ۋە سىررىدۇر. ئاللاھتائالا ئائىلە قۇرۇلمىسى ھەققىدە تەپەككۇر قىلغانلار ئۈچۈن نۇرغۇن ھېكمەت يوشۇرغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ئاياللار بىلەن ئۈنسى ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن

ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن شەك شۈبھىسىزكى بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.» (رۇم سۈرىسى 12 ـ ئايەت)

ھەقىقەتەن، تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق تۇرمۇش بىر سىردۇر. ئىككى ناتونۇش كىشى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىر يەرگە كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بولغان مېھرى ـ مۇھەببەت ئۇ كۈندىن ئېتىبارەن يېڭى قۇرۇلغان ئائىلىسىگە يۈزلىنىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئايەت ـ كەرىم ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاللاھتائالا ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىغا مېھىر ـ مۇھەببەت سالىدۇ. بۇ ھەقىقەت (نىكاھ غايىپ) دەپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا نىكاھ ۋە توپلىرىمىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

كۈنىمىزدە مەخپى قىلىنغان نىكاھلار ئاشكارىلانماقتا، نىكاھنى ئاشكارە قىلىش كېرەك. نىكاھتا ئەڭ ئاز ئىككى كىشىنىڭ شاھىد بولۇشى، نىكاھنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇلىشىنىڭ سۈننەت بولۇشى بۇ ھەقىقەت سەۋەبىدىندۇر. مەخپى نىكاھ نۇرغۇن ھەقسىزلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەۋەپ بولىدۇ.

توي ـ تۆكۈنلەرمۇ ئىسلام ئەھكامى، ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئەپسۇسكى، تۇرمۇشىمىزدا بەزى تويلار كىيىم كۆرگەزمىسىگە ئايلاندى، مەھرەم ئاساسلىرىغا رىئايە قىلماسلىق ئەۋج ئالدى. تويلاردا داغدۇغا ۋە مەرتىۋە ئارقىلىق كۈچىنى كۆرسىتىش، ساليوت ئېتىش ئومۇملاشتى. تەكلىپنامىلەر

(توي باغىقى) باي، مەنسەپ-مەرتىۋە ئىگىلىرىگە تاللاپ بېرىلىۋاتىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى، كۆنلۈك تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ئىشلارغا دىققەت قىلىدىغانلارمۇ توي خۇسۇسىدا بوشاڭلىق قىلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام ھاياتىمىزنىڭ ھېچبىر قەدىمىدە ئۇنۇتۇلماسلىقى كېرەك. بىلىشىمىز كېرەككى، توي بىر ئائىلىگە ئاساس سالغۇچى زامان ۋە ماكاندۇر. ئۇ يەردە قىلىنغان ناتوغرا ئىشلار، كۆڭۈللەرنى يېرىم قىلىدىغان مۇئامىلە، ئىچىدە قالغان بەزى مەخپىي تۈيغۇلارنىڭ ئائىلىگە ياخشى تەسىر بولماسلىقىدىن قورقۇش كېرەك. كۆنىمىزدىكى چىقىشالماسلىق ۋە ئاجرىشىشنىڭ كۆپىيىشىنى بۇ تەرەپتىن ئويلاپ بېقىشىمىز لازىم.

بىر تويدا ئەر-ئايال ۋە ئائىلىنىڭ ئەڭ چوڭ ئېھتىياجى غېرىپ-مىسكىن ۋە ئىگە-چاقىسىزلارنىڭ دۇئاسىدۇر. تويلىرىمىزدا ئاللاھنىڭ رازىلىقى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەمنۇنىيىتىگە ئېرىشىدىغان مەنىۋىي ئىقلىم مەيدانغا كېلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئەمىلىيلىشىشى ئۈچۈن خۇلۇم-خوشنىلار، يىراق-يېقىن تۇققانلار، كەمبەغەللەر، ئېغىزىدىن دۇئا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان غېرىپلار ئوخشاش تەكلىپ قىلىنىشى كېرەك. ھەدىس-شېرىف بۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەللەر چاقىرىلمىغان توي تامىقى نېمىدېگەن يامان-ھە!» (بۇخارى، نىكاھ، 27 ؛ مۇسلىم، نىكاھ، 107)

تويلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيدىغان شەكىلدە ئۆتكۈزۈلىشى كېرەك. چۈنكى بەخت-سائادەتنى ئېھسان قىلغۇچى ئاللاھتۇر. ئائىلە ھاياتى

تەقۋا ئاساسىدا قۇرۇلىشى، قۇرئان تىلاۋىتى، تەبلىغ، دۇئا ـ ئىلتىجا بىلەن باشلىنىشى، بولۇپمۇ سالىھ كىشىلەرنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشقا غەيرەت قىلىنىشى كېرەك. بۇ ئاساسلارغا رىئايە قىلىنسا ئۇ ئائىلىدە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئېھسانىنىڭ بەرىكىتى بولىدۇ، پەيغەمبەرنىڭ مەنىۋىيىتىدىن نېسىۋىلەر بولىدۇ. ئىنشائاللاھ، ئۇ ئائىلىدە كۆز نۇرى نەسىللەر يېتىشىپ چىقىدۇ. بىر ـ بىرىمىزگە بۇ ھەقىقەتلەرنى تەۋسىيە قىلىشىمىز ۋە بىر ـ بىرىمىزنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىشىمىز ناھايىتى مۇھىم. بۇ سەۋەپتىن مۇسلىمە ئايالنىڭ ئىسلىلىقىنىڭ ئىسپاتى بولغان شۇ بۈيۈك خىسلەتلىرى ئەڭ گۈزەل نەسىھەتلەردۇر.

## سالىھە بىر ئانىنىڭ قىزىغا نەسىھىتى

ئۇمامە بىنتى ھارىس قىزى ئۇناسنى كىندا پادىشاھلىرىدىن ھارىس بىن ئامىر بىلەن ئۆيلەندۈرگەندە، تۆۋەندىكى نەسىھەتلەرنى قىلغان:

"قارا قىزىم! بىر كىشىگە نەسىھەت ۋە تەۋسىيەلەرنى قىلىش ئۇ كىشىنىڭ ئەخلاقى، تەربىيەسى، نەسلى ۋە ئابرويىغا قاراپ تەرك قىلىنىدىغان بولسا، مېنىڭ ھازىر ساڭا نەسىھەت ۋە تەۋسىيە قىلىشىمنىڭ ھېچبىر ھاجىتى بولمىغان بولاتتى. لېكىن تەۋسىيە بىلگەنگە ئىسگە سېلىش، بىلمىگەنگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن بولغانلىقتىن ھەر كىشىگە پايدىلىقتۇر.

قىزىم! ئەگەر بىر قىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ كۆپلىكىدىن ئەرگە موھتاج بولمايدىغان بولسا سەن باشقىلاردىن بەك بىھاجەت ئىدىڭ. لېكىن ئۇنداق ئەمەس. ئەرلەر بىز ئۈچۈن يارىتىلغىنىدەك، بىزمۇ ئۇلار ئۈچۈن يارىتىلدۇق.

ئەي قىزىم! سەن ئاتا-ئاناڭنىڭ ئۆيىدىن، كىچىكىڭدىن چوڭ بولغان ئۆيدىن چىقىپ ھېچ تونۇپ باقمىغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتىسەن.

ئەمدى ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ رازى بولىشى ئۈچۈن خىزمەتچىسىدەك ئىتائەت قىلغىنكى، ئۇمۇ ساڭا قۇل بولسۇن، سېنى ياخشى كۆرسۇن ۋە خۇشاللىقىڭ ئۈچۈن كېرەك بولغان ھەر ئىشنى قىلسۇن. ساڭا ھازىر 10 ئىشنى نەسىھەت قىلىمەن، ئۇلارنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا، لازىم بولغاندا يولدۇشۇڭ بىلەن ياخشى ئۆتۈشۈڭگە ياردىمى بولىدۇ.

1. ساڭا يەيدىغان ۋە كىيىدىغان ھەر قانداق نەرسە ئەكەلسە ئۇنى چىن كۆڭلۈڭ بىلەن قوبۇل قىلغىن.

2. بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىپ، توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرغىن.

3. ئۆينى ۋە ئۈستى-بېشىڭنى پاكىز تۇتۇشقا دىققەت قىلغىن.

4. سەندىن يىرگىنىپ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتمەسلىكىڭ ئۈچۈن قارىغىنىدا ياكى پۇرىغىنىدا يولدۇشۇڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرغىن.

5. ئۇخلاش ۋە تاماق ۋاقتىغا دىققەت قىلغىن. يەنى بۇ ئىشلارنى قانداق ۋاقىتتا قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولسا ئۇ ۋاقىتتا ھۇشيار بولۇپ تامىقى ۋە ياتىغىنى تەييارلىغىن. چۈنكى ئاچلىق ئىنساننى ئاچچىقلاندۇرسا، ئۇيقۇسىزلىق غەزەپلەندۈرىدۇ.

6. يولدۇشۇڭنىڭ مېلىنى ياخشى قوغداپ، ئىسراپ قىلمىغىن.

7. يولدۇشۇڭنىڭ ئېتىبارىغا دىققەت قىلىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىققا رىئايە قىلغىن.

8. ھېچبىر ئىشتا ئۇنىڭغا ئىسيان قىلمىغىن ۋە قارشى چىقمىغىن.

9. يولدۇشۇڭنىڭ سىرىنى ھېچكىمگە ئاشكارلىما، ئەگەر بۇيرىقىغا خىلاپلىق قىلساڭ ئۆزۈڭگە ئاداۋەت تۇتقۇزىسەن، سىرىنى ئاشكارلىساڭ ۋاپاسىزلىقى ۋە جاپاسىدىن خاتىرجەم بولالمايسەن.

10. قىزىم! ئېغىر-بېسىق بولغىنىڭكى، يولدۇشۇڭ غەمكىن ۋاقىتلىرىدىمۇ يېنىڭدا ھۇزۇر تاپقاي. ئۇنىڭ ھۇزۇرلۇق، خۇشاللىق ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۇنى غەمكىن قىلما.

(مەھمەد زىھنى ئەپەندى "مەشھۇر ئاياللار"، 1-جىلد، 53-52)

سۆزنىڭ خۇلاسىسى:

بولۇش لازىم ساغلام، دادا ئۆينىڭ تۈۋرىگى،
گۈلدەك بولۇش كېرەك، ئانا ئۆينىڭ يۈرىگى

- سەيرى

## ئەي مۇسۇلمان ئايال

مۇھەممەد ئىقبال بىر شىئېرىدا مۇسلىمە ئاياللارغا مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:

"ئەي يېپىنچىلىرى ھايامىزنىڭ پەردىسى بولغان مۇسۇلمان ئايال!

سېنىڭ يۈزىڭدىكى نۇر ئىمان مەشئىلىمىزنىڭ سەرمايىسىدۇر. يارىتىلىشىڭدىكى ساپلىق ئاللاھتائالادىن بىزگە بىر نېمەت، دىنىمىزنىڭ قۇۋۋىتى، ئۈممىتىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇق ئاساسىدۇر. باللىرىمىزغا سۈتتىن ئايرىلار-ئايرىلماس كەلىمە-تەۋھىدنى ئۆگەتكەن سەن. مېھرىڭ ھالىمىز، پىكرىمىز، سۆزىمىز، ئىشىمىزنى تۈزەيدۇ.

ئەي دىنىي نېمەتلەر ساڭا ئامانەت قىلىنغان ئىسلام ئايالى! ھەق دىنىنىڭ قىپقىزىل چوغدەك ئاتەشى سېنىڭ

نەپسىڭ ئارقىلىق يالقۇنلايدۇ. بۇ ئەسىر (زامان) ئىككى يۈزلىمچى، ھىيلىگەردۇر. سىرتى پال-پال، ئىچى غال-غالدۇر. بۇ ئەسىرنىڭ ھاراملىرى دىن يولىدىكى كارۋانلارنىڭ يولىنى كېسىدۇ. بۇ ئەسىرنىڭ كۆڭۈل كۆزى كور، ھەقنى تونۇمايدۇ. پەقەت ئىنسانلىقتىن چىققان كىشىلەر بۇ ئەسىرنىڭ نەپسانىي زەنجىرلىرى ئالدىدا تەسلىم بولىدۇ. ئەسىرنىڭ كۆزنى خىرىس ۋە قان ئېتىۋالدى. كىرپىكلىرى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ تىرنىقىدەك بولۇپ، قولى يەتكەن ھەر نەرسىنى ئۆزىگە رام قىلىدۇ. بۇ ئەسىرنىڭ تۇزىقىغا چۈشكەن كىشى ئۆزىنى ھۆر دەپ قارايدۇ. ئەسىرنىڭ قولىدىن زەھەر ئىچىپ تۇرۇپ ئۆزىنى يەنىلا تىرىك دەپ ئويلايدۇ. سەن جەمئىيەت مايىسلىرىنىڭ ئابى-ھاياتى، ئۈممەتنىڭ ئامانىتىنى ساقلىغۇچىسى سەن. فىترىتىڭدىكى ئۇلۇغ خىسلىتىڭنى ئەقلىڭ بىلەن كەشىپ قىل! ھەزرىتى فاتىمە سېنىڭ ئۈچۈن بىر ئۈرنەك. ئۇنىڭدىن كۆزۈڭ ۋە كۆڭلۈڭنى ئايرىما! تاكى سېنىڭ تاللىرىڭمۇ بىر ھۆسەيىن مېۋىسى بەرسۇن، گۈلىستان ئىلگىرىكى پەسىللىرىنى ئېلىپ كەلسۇن!“

ئى رەببىم! جۈپتىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىزنى بىزلەر ئۈچۈن ئىككى دۇنيادا كۆز نۇرى قىل! قىزلىرىمىز، ئاياللىمىز ۋە ئانىلىرىمىزغا پەيغەمبەر ئەھلى بەيتى، ھالال جۈپتلىرى ۋە ئايال ساھابىلەرنىڭ ئىسلامنى ياشاش ۋە ياشىتىشتىكى كەسكىن ئىرادىلىرىدىن نېسىپ قىل! ئامىن!

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................ 4

## سالىھە خانىم / 10

8-مارت دۇنيا ئاياللار بايرىمى ............ 12
يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ كۆز قارشىدا ئايال:
شەيتاننىڭ ئويۇنچۇقى ............................. 12
كۇنىمىز جاھىلىيىتىدە ئايال تاۋار ..................... 16
ئىسلام ئايال ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟ ..................... 19
ئىسلام نەزىرىدە سالىھە ئايال مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ ياخشىسى 19
خرۇىستاللار سۇنمىسۇن .............................. 33

## ئانا ئۆز ئالدىغا بىر مەكتەپتۇر/ 38

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال ساھابىلەرنىڭ تەربىيەسىگە
ئەھمىيەت بېرەتتى ................................. 43
ئايال ساھابىلەرنىڭ ساۋاب تېپىش ئىرادىسى ............ 46
سالىھە ئايالنىڭ سۈپەتلىرى ........................... 51
1. سالىھ ئەمەلنى قوللايدۇ............................ 51
2. پەقەت ھالالنى خالايدۇ............................ 56
3. ئىپپەتلىك ۋە مۇستەقىل كۆز قاراشقا ئىگە ........ 57
4. ماددىي ۋە مەنىۋىي ھىجاب ......................... 58
ھىجابلىنىش ئاللاھنىڭ ئەمرى ......................... 59
ئۆيلىنىش ۋە توي-تۆكۈنلەر ........................... 62
سالىھە بىر ئانىنىڭ قىزىغا نەسىھىتى .................. 65
ئەي مۇسۇلمان ئايال ................................. 67